«جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ژۇرناللار» سېپىگە كىرگەن نەشرىي ئەپكار
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

进入"中国期刊方阵"的刊物

1

2002

新疆维吾尔自治区社科优秀期刊

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن :ئاتاقلىق ئەدىب ،
جامائەت ئەربابى خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى (1992 ـ 1922 )

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ سانىدا


## تەپەككۇر كۆزى

مۇشت ئىلھامى تۇغقان خىياللار ................ ئا. بەرقىي 2
تەپەككۇردىن تامچىلار ............ جېلىل ئاۋۇت قاتارلىقلار 6

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

يۇلتۇزلىرىمىز قەيەردە؟ ................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 9

## سادا

زېمىنغا تۇتاشقان نىدا ............ ئابدۇللا تۇردى 22

## نېمە قىلىش كېرەك؟

ئىلىم، تۇزۇلمە، ئۇنۇم ............ ئابدۇرېھىم دۆلەت 25

## ئەدەبىيات گۈلزارى

«بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان. . . (ھېكايە) ......... ئادىل يىلدىرىم 30
ياخشىلىق ئىزدەپ. . . . . . . . . . . ( « » ) ......... م. ئابدۇۋەلى 40

## مەدەنىيەت ـ سەنئەت گېزىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە قەشقەردە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى ............................ فۇيەن 45
ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئۇچۇرلىرى ........ رىسالەت مۇھەممەت قاتارلىقلار 47

## ئاچچىق كۈلكىلەر

106ياشلىق قۇربان بوۋاي ھەققىدە پاراڭ ··· ۋاڭ لىشيۇڭ 52

## ئىبرەتلىك پاراڭلار

ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر ............. ت. ئارتىشى، ج. دۆلەت تەرجىمىسى 55

## يېڭى ئەسىردىكى كىرىزىس

ئادەملەر قېنى؟ .................. ئادىل ئابدۇقادىر 70

## كۆڭۈل ئىزھارى

خەلقىمىزنى تەربىيىلەش، مەدەنىيىتىمىزنى يەنىمۇ راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت ............... ئىسرائىل مامۇت 80


مۇقاۋىدا: يېتىم ـ يېتىمەلەرنىڭ غەمگۇزار ئاتىسى، ئىلىمدىن چىققان سېخىي ـ مەردانە ئوغلان نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر ئوغلى. ئادىل ئىسمائىل فوتوسى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(51-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2002-يىل 1-سان
(ئومۇمىي253-سان)



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى
مۇدىر:
لۇجيا جۈمىن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەتلەر:
شىك چۇنشۇ
مايىڭشىڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(ئالىي مۇھەررىر)
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# باتۇرلۇق شەجەرىسى



# مۇشت ئىلھامى تۇغقان خىياللار

— مەملىكەت بويىچە 9-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس مۇسابىقە تۈرىنى كۆرۈپ

**ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي**

تەپەككۇر كۆزى

## 1

شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئەڭ مۇكەممەل جەمئىيەتنىڭ ھاكىم، ئالىم، نوچى (لۈكچەك) دىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھاكىم — ھاكىمىيەت، دۆلەت باشلىقى، شۇ جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ئىگىسى دېمەكتۇر. ئالىم بولسا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىلىم روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قاتلام. نوچى — يەنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولۇپ، ئۈچىنچى قاتلامنى تەشكىل قىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئۈچ قاتلام جەمئىيەتتىن ئىبارەت قورۇلمىنىڭ ئۈچ پۇتىدۇر. ئۈچ ئاتا-بوۋىلىرىمىز نەزىرىدىكى خاسىيەتلىك سان. ئۈچ پۇتلۇق نەرسە ئاسان ئۆرۈلمەيدۇ، ناھايىتى پۇختا كېلىدۇ. بەلكىم ئۈچ سان ئۇلۇغلۇقىنىڭ تارىخىي مەنبەسى دەل يۇقىرىقى قاراش بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۈچ قاتلىمى ياكى ئۈچ پۇتى مۇكەممەل بولغان ھاكىمىيەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئادالىتى بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىشى، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بىر-بىرىنى نازارەت قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مىسال، ھاكىمدىن تەپتارتمىغانلار ئالىمدىن تەپتارتىدۇ، ھەر ئىككىلىسىدىن تەپتارتمىغانلار زالىم — يەنى نوچى (لۈكچەك) دىن تەپتارتىدۇ. ئەكسىچە ئېيتقاندا،

نوچىدىن تەپتارتمىغانلار ئالىمدىن، ئالىمدىن تەپتارتمىغانلار ھاكىمدىن تەپتارتمىدۇ-دە، پۈتۈن بىر توپلانما شۇ جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت روھىي جەھەتتە ساغلام، ئەخلاقىي جەھەتتە پاكىز، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچكە تويۇنغان بولىدۇ. ئالىمدىكى ئەقىل - ئىدراكنىڭ سىمۋولى بولغان مۇلايىملىق، نوچىدىكى كۈچ-قۇدرەت، جاسارەتنىڭ سىمۋولى بولغان چۇسلۇق، كەسكىنلىك، مەردانىلىق، ھاكىمدىكى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان ئادالەت ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. توپلانما ئەزالىرى بۇ ئۈچ خىل سىمۋولنىڭ تەربىيىلىشىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

مەرھۇم يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ئانا» رومانىدا شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئېڭىدىكى مۇكەممەل جەمئىيەت ئۇتوپىيىسىنى ھازىرقى زامان نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ باقماقچى بولغانىدى. گەرچە رومانىدا بىرقاتار يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇد بولسىمۇ، رومانىدىكى ئەشۇ خىل خاھىش مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان تېما ئىدى. مەرھۇم يازغۇچىمىز ئادەملەر شەخسىي تۇرمۇش ھالەكچىلىكىدە ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان بىر چۈشەنچىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ، شەرق جەمئىيەت ئۇتوپىيىسىدىكى بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ چىرىكلىشىشى ياكى ئارىدىكى مەلۇم قاتلامنىڭ چېكىنىشىنىڭ زور ئىجتىمائىي تراگېدىيىگە سەۋەب بولالايدىغانلىقىنى سەمىمىزگە سېلىپ بىزنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەپسۇس، مەرھۇم ھېچقانداق ئەكس ساداغا ئىگە بولالمايلا ئارىمىزدىن كەتتى.

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى مۆلچەرلىگۈسىز تېز ئىجتىمائىي تەرەققىيات شەرقتىن ئەڭگۈشتەر ئىزدەۋاتقان غەربكە شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت كۆزقارىشىنى تونۇتتى. غەرب شەرقلىقلەرنىڭ ئېڭىدا ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ گۆھەرنىڭ توپىسىنى پۈۋلىۋېتىپ، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ھەيران قالدى. غەرب ناھايىتى تېزلا بۇ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ھۆكۈمەت، مۇستەقىل پارلامېنت، مۇستەقىل مەتبۇئات، مۇستەقىل سوت شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇردى. مانا ھازىر قاراڭ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇق ئىگىسى ئامېرىكا پرېزىدېنتى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار. سوت ئۇنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قادىر. مەتبۇئات تەنقىدلەشكە ھوقۇقلۇق. ئۆتمۈشتىكى ئىتالىيە قاتارلىق مۇستەبىتلىك نىسبەتەن ئېغىر ، ھاكىمىيەت يەنى ھاكىم ھوقۇقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، پارلامېنت، سوت، ئۆكتىچى پارتىيىلەر ھوقۇقىنى يوقاتقان دۆلەتتە بۇ خىل ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى قارا قوللار پارتىيىسى تولۇقلىدى. قاراقوللار پارتىيىسى ئىتالىيىنىڭ ئىجتىمائىي ۋاباسىغا ئايلاندى. ھازىرمۇ ئىتالىيە قاراقوللار پارتىيىسى ئازابىدىن خالىي ئەمەس. قىسقىسى، ھازىر پۈتكۈل دۇنيا شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت ئۇتوپىيىسىنىڭ سېھرىي كۈچى ئالدىدا تېز پۈكتى. ھاكىم، ئالىم، نوچىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلام پرېزىدېنت، سوت، ئۆكتىچى پارتىيە شەكلىدە دۇنيا ئىجتىمائىي ئادالىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مودېلىغا ئايلاندى. بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان دۆلەتلەردە مۇستەبىتلىك، قوزغىلاڭ، تېررورلۇق، قارا جەمئىيەت، جىنايەتنىڭ قانۇنلىشىشى ئاپەتكە ئايلاندى. ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ ئېتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار ئېتەك بولدى. چۈشكۈنلۈك، غايىسىزلىك، ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بولماسلىقى بۇنداق جەمئىيەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

تەپەككۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، شەرقنىڭ بۇ خىل جەمئىيەت ئۇتوپىيىسى ھەققىدە يېڭى يەكۈنلەرگە كەلگىلى بولىدۇ: ھاكىم ماھىيەتتە ئەلەم، ئالىم ماھىيەتتە قەلەم، نوچى ماھىيەتتە مۇشت. ئۇنى يەنە تۈرلەندۈرسەك، ئەلەم ھازىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، قەلەم - پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر كۈچى، مۇشت - تەنتەربىيە. بەلكىم بۇنداق قاراش سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتەك كۆرۈنەر. لېكىن بىز، شەرق جەمئىيەت ئۇتوپىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات پەللىسىگە قاراپ سىلجىۋاتقان دۆلەتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق قاراشنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دېيەلمەيمىز. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دۇنيا ۋە 21-ئەسىرنىڭ بېشى بىزگە تارىخ قانۇنىيىتىنىڭ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئەلەمدە يېڭىلغان گېرمانىيە ۋە ياپونىيە قەلەمنىڭ يەنە بىر مەنىسى ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. نەچچە يۈز يىل قۇللۇق ئاسارىتىدە قىينالغان نېگىرلار مۇشت يەنى تەنتەربىيە ئارقىلىق قۇللۇقتىن ھەقىقىي ئازاد بولدى، غالىبلارچە ئورنىدىن تۇردى.

ئاتا-بوۋىلىرىمىز «بىلىكى زور بىرنى يېڭەر، بىلىمى زور مىڭنى» دېگەنىكەن. گەرچە بۇ ھېكمەتنى ئىزچىل ئۇلۇغلىساقمۇ بۈگۈنكى كۈندە باشقىچىرەك پىكىر قىلماي ئامال يوق. ناۋادا شۇ بىر بىلەك ياكى مۇشت مىليونلىغان يۈرەكنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلغان بولسىچۇ؟

## 2

ھازىر زامانىمىزدا ئۆتمۈشتىكىدەك ئىجتىمائىي ئادالەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، ياۋاشلارنى يۆلەپ، يامانلارنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغان ئەنئەنىۋى مەنىدىكى نوچى - لۈكچەكلەر يوق. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە نۇرغۇن شەيئىلەرگە يېڭى مەنا بەردى. خەلقنىڭ دەرد - ئەلىمىنى، ئارمانلىرىنى ھاكىمغا ئاڭلىتىش مەتبۇئاتقا، ھەق - ناھەق تارازىسىنى تارتىش قانۇنغا يۈكلەندى. . . لېكىن نوچىلارنىڭ سىمۋوللۇق رولى تەنھەرىكەتچىلەرگە كۆچتى. تەنھەرىكەت ئىنساننىڭ تەن ئىمكانىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ ئويۇنىغا ئايلاندى. ئەمما بۇ ئويۇن بىر مىللىي توپلانمىنىڭ، ئەلنىڭ تەن ساپاسىنى، ياق، مىللىي ساپاسىنىڭ

تەندىكى ئىپادىلىنىشىنى جاھانغا نامايان قىلىدىغان سەھنە بوپقالدى.

تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئائىت تەنتەربىيە خەۋەرلىرىنى كۆرۈش مېنىڭ ئادىتىم. بەلكىم بۇ ئادەت مېنىڭ ئۆز مىللىي توپلانمامغا بولغان - ماھىيەتتە ئۆزۈمگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ۋۇجۇدۇمدىكى چەۋەنداز - قەھرىمانلىقتا چوقۇنغان، باتۇر ئەجدادلىرىمنىڭ قېنىنىڭ ئۆتمۈشتىكى هارارىتىنىڭ يۈرىكىمگە كۆچكەن بوگۈنكى ساداسىدۇر.

مەملىكەت بويىچە 9-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس تۈرى يەنە بىر قېتىم قېنىمنى قىزىتتى. تېلېۋىزىيە، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق بۇ تۈردىكى ھەممە مۇسابىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشقا تىرىشتىم. بۇ تۈردىكى مۇسابىقىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئالتە بوكس پالۋىنىنىڭ تاللىنىشى، بوكس شاھى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم، بوكس پالۋىنى ئەكرەم ئىسھاقلارنىڭ بۇ مۇسابىقىدە بولۇشى مېنى ھاياجانغا سالدى. گويا ئۇلارنىڭ ئېتىۋاتقان مۇشتى مېنىڭ مۇشتۇمدەك، مېنىڭ يۈرىكىمدەك، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار، ئەخلاق كرىزىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئادالەتسىزلىكلەردىن كېيىن ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئەمەلىي كۈچىنىڭ رەقىبىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئۇ بۇلتۇر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن مەيدانغا چىقالمىغاندا ئۆز ئىشكى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىگە قاتنىشالماپتۇ، دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن، سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن قۇرۇق قول قايتقاندا چۈشكۈنلەشكەنىدى. بۇيىلقى نەتىجە، بولۇپمۇ بوكس شاھى ئابدۇشۈكۈر مىجىت ناھەقچىلىككە ئۇچراپ، شۇ زەربە تۈپەيلىدىن كۈمۈش مېدال ، ئەكرەم ئىسھاقمۇ مىس مېدال ئېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ باتۇرلۇق بىلەن بىردىنبىر ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە كىشىلەر دەردلىك قەلبىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسەللىي تاپتى. ئابدۇراخماننى قايتا تونۇدى. خۇددى ترېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇخبىرىغا: «ئەمدى بىزنىڭ بالىلارغا ئالتۇن مېدال ئېلىش ئۈچۈن رەقىبنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىش يولىلا قالدى» دېگەندەك، ئابدۇراخماننىڭ ناھايىتى ئۈستۈنلۈك بىلەن ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىشى كىشىلەردە ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇلارغا كەسكىن كۆرەش ھەقىقىتىنى بىلدۈردى: غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەنسەن خەقنىڭ بالىلىرى بىر ھەسسە تىرىشسا، سەن ئىككى ھەسسە تىرىشىشىڭ، خام خىيالدا بولماسلىقىڭ كېرەك. ئۇرۇپ يىقىتىش - شەك-شۈبھىسىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش - بىزگە

ئېچىپ قالغان بىردىنبىر يول. لېكىن بۇنداق قىلىش تەس بولغان بىلەن مېۋىسى بەكمۇ تاتلىق. ئازابلىق بولغان بىلەن ئەكېلىدىغان خۇشاللىقى ھەسسىلەپ تاتلىق.

بۇ مۇسابىقە جەريانىدا كىشىلەر يەنە مۇنداق ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى، ئېتىلىۋاتقان مۇشت ئابدۇراخمان، ئابدۇشۈكۈرلەرنىڭ مۇشتى ئەمەس، پۈتۈن بىر ئەلنىڭ مۇشتى، ئارزۇسى، قەھرىمانلىققا چوقۇنىدىغان مىللەتنىڭ قەھرىمانلىق ئارقىلىق قەددىنى رۇسلاش ئىستىكىنىڭ بوكس ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى.

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا مېنى ئۆزگىچە پىكىرلىرى ئارقىلىق زەرەتلەپ تۇرۇدىغان ئاقسۆڭەك دوستۇم ۋارىسجان مۇسانىڭ مۇنۇ يازمىلىرى ئېسىمگە كەلدى:

«شائىرمۇ بىر جانباز، بوكسچى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل مودېلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دوغا تىكىدۇ. شائىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ئۇ ئېلىشىش مەيدانىدا ئاتقان مۇشت. ئۇنىڭ مىسرالىرىدىكى پاساھەت، ئۆز رەقىبىگە تىكىلگەندە كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئۇچقۇن ياكى رەقىبىنى يىقىتقاندا، ئۇنى ئالقىشلاۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئەڭ سەمىمىي تەبەسسۇم ياكى خۇشاللىق يېشى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ قالتىس شائىر مۇھەممەدئەلى ياكى خولفېرىد ۋەياكى تېيسىن، شۇنداقلا ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمان. ئۇلار مۇشتى بىلەن شېئىر يازىدىغان شائىرلاردۇر. ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمانلار مۇشتى بىلەن يېڭى سەھىپە ياراتتى، ئىسسىق قېنى بىلەن بوكس مەيدانىدا ئۇنتۇلغۇسىز داستانلارنى يازدى. مەن ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئۇلار ھەرقېتىم رەقىبلىرىنى راسا سالغاندا مەن ئالەمچە لەززەتلىنىمەن. بۇ چاغدىكى سېزىم، بۇ پەيتتىكى مەستلىك ھەرقانداق بىر پارچە گۈزەل شېئىرنى ئوقۇغاندىكى تەسىردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز تۇرۇپ ئاتقان ھەربىر مۇشت پەقەت ئۇلارنىڭ مۇشتىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ مۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەربىر قېتىملىق غالىبلىقى، مەردانىلىقى بىزنىڭ كەلگۈسىمىزگە ئوقۇلغان ئىرادە، روھ ۋە جەڭ قەسىدىسى. ئۇلارنىڭ مۇشتىدىن چىققان سادا بىزگە سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى، سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ».

شائىرمۇ بىر بوكسچى. راست، ئۇلارنى كىم ئاجىز دەيدۇ. كىم ئۇلارنى بوكس سەھنىسىدە ئەمەس دەيدۇ؟ شۇڭا شائىرلار ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمانلار بىلەن دوست بولۇشى، ئۇلار بىلەن تەڭ مەشىق قىلىشى، ئىرادىسىنى چىنىقتۇرۇشى كېرەك. شائىرلارنىڭ مۇشتى قىزلارنىڭكىدەك يۇمران، نازۇك بوپقالماسلىقى، مۇسكۇللىرى يىگىلەپ كەتمەسلىكى كېرەك.

توغرا، بىزدە يۈزلەپ ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمان چىققاندىلا بىزنىڭ شائىرلار ھەقىقىي شائىر بولالايدۇ. سەنئەت ۋە بوكس مەيدانىدىكى بۇ

ئىككى بوكسچىنىڭ ئىككى مەيداندا ئاتقان مۇشتى گۈزەل بىر مېلودىيە ھاسىل قىلىپ خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ، بۇ لەرزىدىن قان يېڭىلىنىدۇ، روھ يېڭىلىنىدۇ. بىزنىڭ بوكسچىلار خەلقئارا سەھنىدە تىك تۇرغاندا ئاندىن بىزنىڭ شائىرلىرىمىز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ.

## 3

مۇشت قارىماققا ئاددىيلا نەرسە، لېكىن تەتقىق قىلىپ كۆرسىڭىز، دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ مۇشتىدەك بولىدىكەن. مۇشت يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىمۋول، ئۇ ئېچىلسا ئالقان بولىدۇ، قول بولىدۇ. بىرجۈپ-بىرجۈپ قوللاردىن يېڭى دۇنيا يارىلىدۇ، دۇنيا نۇرغا تولىدۇ.

جەمئىيەت بىر كۆرەش سەھنىسى. چوڭراق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ سەھنىدە مىللەت ۋە دۆلەت ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۆرەشكە چۈشسە، كىچىكرەك نۇقتىدىن ئادەم ئۆز غايىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر مىللىي توپلانما ماھىيەتتە بوكسچىدۇر.

بوكس سەھنىسى رەھىمسىز. گەرچە رېپېرلار بوكس مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىسىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلىسىمۇ، بۇ سەھنە باشقا كۆرەش سەھنىلىرىگە قارىغاندا، ئادالەت بىلەن تولغان. بۇ سەھنىدە سىزگە ئۆزىڭىز، روھىڭىز، ئېتىقادىڭىزدىن باشقا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ. باھالىغۇچىلار نومۇر قويۇش جەھەتتە خاتالىشىپ، قىسمەن ئادالەتسىزلىكلەر سادىر بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇ سەھنىدە غەلىبە قىلالايدىغان كىشى يەنىلا كۆپ ھاللاردا ئەڭ كۈچلۈكلەردۇر.

تەنتەربىيىدىكى بوكس سەھنىسىگە قارىغاندا، سىياسىي مەيداندىكى، ئىجتىمائىي تەقدىر مەيداندىكى بوكس تېخىمۇ رەھىمسىز. ھازىر ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمانلار ھەممە ئادەمگە ئوچۇق بولغان بوكس سەھنىسىدە نەتىجىگە ئېرىشتى، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۆز غەلىبىسى ئارقىلىق بىزگە ئىشەنچ، غۇرۇر ئاتا قىلدى. ئەمما ئاددىي كۆز بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان، تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارىساق بايقىغىلى بولىدىغان بوكس سەھنىسىدە نۇرغۇن ئەزىمەتلىرىمىز رەقىبلىرى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. بۇيەردىكى قىزىقارلىق ئەھۋال، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزىنىڭ بوكس مەيداندا ئىكەنلىكىنى، بوكسچى ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرىشىمۇ ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇراخمانلارنىڭ كۆرىشىدىن قېلىشمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ چاۋاكقا، مەدەتكە موھتاج. ئاددىيسى، سىز كوچىدا كېتىۋېتىپ خالىغان بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسى ياكى ئۇيغۇر موزدۇزغا قاراڭ، كۆزىتىڭ. دەرھال ئۇلارنىڭ ئىقتىسادتىن ئىبارەت بوكس مەيداندىكى بوكسچى ئىكەنلىكىنى سېزىسىز. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، دەل شۇ چاغدا ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇڭ. سىز بۇ بوكسچى قېرىندىشىڭىز ئۈچۈن بىرەر چاۋاك ئۇرۇپ قويالىدىڭىزمۇ؟ قولىنى مۇھەببەت بىلەن قىسالىدىڭىزمۇ؟ توغرا، بىزنىڭ ھەممە بوكسچىلىرىمىز ئابدۇراخمان، ئابدۇشۈكۈر ئەمەس، ئۇلار كۆپ ئاجىز. ئۇلار بىزنىڭ مەدىتىمىزگە ، پەرۋىش قىلىشىمىزغا موھتاج. شۇ چاغدا ئۇلارمۇ ئابدۇراخمان، ئابدۇشۈكۈر بولالايدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بەلكىم ئۇلار ئۆزىنىڭ بوكسچى ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭغا قېيداشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، خاتالىق بىلدۈرمەسلىكتە. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك: ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان توسالغۇ ھەم تۈرلۈك قىيىنچىلىق، دەرد-ئەلەم ئابدۇراخمانلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس، بەلكىم ئۇشۇق.

زوردۇن سابىر قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى تەڭداشسىز بىر بوكسچى ئىكەنلىكىنى سەزدۇق. «ئانا يۇرت» ترىلوگىيىسى ئۇنىڭ بۇ سەھنىدە ئاتقان ئەڭ ياخشى مۇشتى، ئەڭ ياخشى مۇسابىقىسى بوپقالدى. لېكىن بىز تاماشىبىنلار رەھمەتلىك بوكس ئويناۋاتقاندا قانداق پوزىتسىيىدە بولدۇق؟ ھەرھالدا مەن يازغۇچىنىڭ تاماشىبىنلىرىدىن رازى. ئۇلار ئۆزىنىڭ قوللىشىنى «ئانا يۇرت»قا بولغان شەيدالىقى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. رومان يېرىم يىل ئىچىدىلا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپ نەشرىياتچىلىقتا رېكورت ياراتتى. نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىزغا ئەڭ ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. تاماشىبىنلارمۇ ئۆزىنىڭ ئاڭسىز قىزغىنلىقى بىلەن نەشرىياتچىلىقىمىزغا ئېغىر بىر سوئالنى قويدى. ناۋادا بىزدە مەرھۇم يازغۇچىنى بىر بوكسچى، بىز ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن بوكسچى، ئۇنى قوللىشىمىز، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك دەپ قارايدىغان ئاڭلىق قىزغىنلىق بولغان بولسىچۇ؟ ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىقتىساد، تەبىئىي پەن، سىياسىي قاتارلىق بوكس سورۇنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئاڭلىق قىزغىنلىق ، ئۇيۇشۇش كۈچى بولغان بولسىچۇ؟ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەھۋالدا سودىگەر-كارخانىچىلارنىڭ يانچۇقى تېخىمۇ توم، يازغۇچى-سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ۋىجدانى تېخىمۇ تازا، سىياسىيونلىرىمىزنىڭ بېشى تېخىمۇ ئۈستۈن، مەغرۇر بولغان بولاتتى.


ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزگە مۇنداق بىر سوئالنى قويۇپ بېقىڭ: سىز قانداق تاماشىبىن، شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە قانداق بوكسچى؟ سىز مۇشتىنى قانداق ئېتىۋاتىسىز. ئەركە قىزلارغا ئوخشاش نايناق ھالەتتە ئەركىلەپ ئېتىۋاتامسىز ياكى؟

2001-يىل 12-دېكابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ماۋزۇ سۈرىتىدە: خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم.

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى(M1)



# تەپەككۇردىن

# تامچىلار

●بىز سادىر قىلغان گۇناھلىرىمىزنى ۋە سەھۋەنلىكلىرىمىزنى«خام سۈت ئەمگەن بەندە» دېيىش ئارقىلىق بىزگە ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن جاپاكەش ئانىلىرىمىزغا دۆڭگەپ قويىمىز.

- شىرئەلى تۇرسۇن

## ئاك

تاك سىك (شۇەن زاك) ھىندىستاندىن ۋەتىنىگە «خەلقىم ئوقۇسۇن» دەپ نوم (كىتاب) ئەكەلدى. تاك سۇلالىسى شاھى ئۇنىڭغا كاتتا مەرتىۋە بەردى.

ئابدۇقادىر داموللام قاھىرە، ئىستانبۇل، قازان، بۇخارا، تاشكەند. . . لەردىن ۋەتىنىگە «خەلقىم غەپلەتتىن ئويغانسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن» دەپ يېغىچە مائارىپ ئىدىيىسىنى ئەكەلدى. بىز ئۇنىڭغا مۇناپىقلارچە قەست قىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بەردۇق.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇري رۇسىيىدىن، مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيىدىن ۋەتىنىگە«خەلقىم ھۆرلۈككە، تەرەققىياتقا ئېرىشسۇن» دەپ يېغىچە مائارىپ ۋە مەرىپەتنى ئەكەلدى. بىز ئۇلارنىمۇ دۈشمەنلىرىمىزگە چېقىشتۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسى بەردۇق.

بوۋام سەئۇدي ئەرەبىستانىدىن ۋەتىنىگە ھاجىلىق ئاتىقى، «مەھەللىدىكىلەر قولۇمغا قاراپ قالمىسۇن» دەپ خورما ۋە زەمزەم سۈيى ئەكەلدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، خىزمىتىدە بولدۇق.

ئاكىلىرىم گۇاڭجۇدىن يۇرتقا «قىرىنداشلىرىمىز نېمە بولسا بولسۇن، يانچۇقىمىز پۇلغا تولسىلا بولدى» دەپ خىرۇئىن ئەكەلدى. بىز ئۇلارنىڭ زەھەر سېتىپ، ئەلنى خانىۋەيران قىلىشىغا كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، پۇرسەت بەردۇق.

## ئەمەلىي ياردەم

شەھەردىن كەنتىمىزگە مۇقىملىق خىزمىتىگە كەلگەن كادىرلار دېھقانلارنىڭ تولىمۇ نامراتلىقى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئالالمىغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئىدارىلىرىدىن بەش مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل ھەل قىلىپ كېلىپ، تۆت مىڭ يۈەنگە شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن مۇخبىرلارنى تەكلىپ قىلدى. قالغان پۇلغا نەق مەيداندا چوڭ داغدۇغا بىلەن ئوقۇغۇچىلارغائوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىپ بەردى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن رېستورانغا باشلىدۇق.

## چوڭ بولغاندا سەمرىيمەن

- قوزام، سەن نېمىشقا سەمرىمەيسەن؟ دادىڭ سەمرىپ سامان تىققان تاغارغىلا ئوخشاپ قېپتۇ. سەن بولساڭ خۇددى بىر كىم ئېتىڭنى شۇلۇۋالغاندەك ئورۇق.

- بوۋا، مەن دېگەن كىچىك تۇرسام، ھازىر ئاران پىئونېر بولدۇم. مەنمۇ چوڭ بولۇپ، دادامدەك پارتىيىگە كىرگەندە سەمرىيمەن.

- ھا، ھا، ھا. . . ئادەم پارتىيىگە كىرسە سەمرەمدىكەن! ؟

- شۇنداق بولمايچۇ. دادام: «پارتىيە بىزنى رېستوراندا مېھمان قىلدى» دەپ كۈندە كېچىدە مەست بولۇپ كېلىدۇ. پارتىيە رەھبەرلىرى دادامغا: «سېنى ئاۋۋال مەھەللە باشلىقلىقىغا ئۆستۈردۇق. ئەمدى كەنت باشلىقى بولدۇڭ. بۇنىڭدىن كېيىن يېزا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرىمىز» دەپتىمىش. دادام: «ئەمدى تېخىمۇ سەمرىيدىغان بولدۇم» دەيدۇ.

- يا ھەزرەت.

- جېلىل ئاۋۇت (ئوقۇتقۇچى)

## نېمە بىرىنچى

ئۆتكەنكى ۋاقىتلاردا، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش بىرىنچى ئىدى. ھازىر بولسا مەكتەپلەردە سىياسىي بىرىنچى، مۇقىملىق ئىككىنچى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش بولسا ئۈچىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

## ئامېرىكا بىلەن ناھىيىمىز

ئامېرىكىدا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ بىۋاستە ھالدا زۇڭتۇڭ(پرېزىدېنت) ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ھوقۇقى بولىدىكەن. ئۇلار يۈزمۇ يۈز زۇڭتۇڭ بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدىكەن. بىراق ناھىيىمىزدە ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو مۇنازىرىلىشىپ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن پۇقرادىن بىرەرسىنى كۆرۈش ناھايىتى مۇشكۇل. پەقەت ھاكىمنىڭ ئارقىسىدىن تىللايدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.

- ئەخمەتجان مۇھەممەت (ئوقۇغۇچى)

## باتۇرلۇق ۋە جىنايەت

بوۋامنىڭ دېيىشىچە، ئىلگىرى ئۇ قوي قوتىنىغا يېقىنلاشقان بىر ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ يۇرت ئىچىدە «مۇھەممەت باتۇر» دەپ ئاتىلىپتىكەن. ئاتام قوي قوتىنىغا يېقىنلاشقان ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ «جىنايەتچى داۋۇت» بولۇپ تۈرمىدە ياتىدۇ.

- ئېلى توختى (ئوقۇتقۇچى)

● ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل تۇيۇلىدۇكى - بىز ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمىز.

- مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن (مۇئەللىمە)

● قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار چىرىكلەشكەن ئەلدە كىشىلەر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىدۇ، لېكىن ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

● بىز ھەممىمىز ساتقىن، پەقەت بەزىلىرىمىز باشقىلارنى ساتىمىز، بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى.

● قۇللار پەقەت قۇلدارلارنى چۈشەنگەن ۋە ئۇلارنى كۈچ-قۇدرىتىنى مۆلچەرلىيەلىگەن چاغدىلا قۇللۇقتىن قۇتۇلالايدۇ.

● سىياسەتۋازلار كۆپ بولغان ئەلدىكى بارلىق پۇقرالار يالغان سۆز ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى، سىياسەت ئارقىلىق قانۇننى ئالداپ ياشايدۇ.

● كۆپىنچە ھاللاردا بىز ھەقىقەتنى ئىزدەپ تاپقاندا ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ بولغان بولىدۇ.

● تارىخ مۇنداق دەيدۇ: مېنى ياراتقۇچىلاردىن پەخىرلىنىمەن، يازغۇچىلاردىن نەپرەتلىنىمەن. . .

- مەھمۇتجان يانتاق (ئوقۇغۇچى)

● ھەرقانداق دەۋر ھامان ئۆز قەھرىمانلىرى قولىدا گۇمران بولىدۇ، تارىخ مۇشۇنداق باشلىنىدۇ ۋە ئاخىرلىشىدۇ.

- ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ (ئوقۇغۇچى)

● سادىرغا «چېرىك» نىڭ دەردى كەلسە، ماڭا «تىرىك» نىڭ دەردى كېلىۋاتىدۇ. بىلمىدىم، سادىردەك سوقۇشنى!

● مۇسابىقىگە چۈشمەستىنلا پۇتنى قايرىۋالغان پۇتبول چېمپىيونى بىلەن شاگىرتلىرى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالغان ئىلىم ئاتىسىغا ئىچ ئاغرىتقۇم كەلمەيدۇ. ئالدىنقىسى بىخەستەلىكىدىن شەرەپتىن مەھرۇم، كېيىنكىسى پاراسەتسىزلىكىدىن ئۇياتقا مەھكۇم.

● شىر بالىسى (ئارسلان) قورقماس، باتۇر ئىدى. ئۇ، ئۇلۇغ بوۋىسىدىن قالغان زېمىندا ئازادە، ئەركىن ياشايتتى. لېكىن «ئەرك» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. كۆڭلىرى كېلىپ قەپەسكە سولاندى، ئەركىنلىكنى چۈشەندى. قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا قادىر تۇرۇقلۇق گۆش بەرگۈچىنىڭ قولىنى چىشلىيەلمىدى. چۈنكى ئۇ، ئاچ قېلىشتىن قورقاتتى.

- ئابلەت ئابدۇللا زوقىي (ئوقۇتقۇچى)

● ئادەملەرنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، تەس بولغىنى چۈشىنىش ئۇسۇلىنى تېپىش.

- ئوسمان مىرئابدۇللا (دېھقان)

● مايمۇن ئەمەلدار بولسا، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان خەلقىنى دەرەخكە چىقىشقا مەجبۇرلايدۇ.

● سەن ماڭا «تىنچلىق» دەپ قول ئۇزاتساڭ، مەن ساڭا «باراۋەرلىك» دەپ قول ئۇزىتىمەن.

● ئوغلۇمغا باشقىلارنىڭ كانىيىنى سىقىشنى ئۆگەتكەنىدىم، ئاقىۋەتتە مېنىڭ كانىيىمنى سىقىشتىن باشلىدى.

- ھەبىبۇللا مىجىت (ئوقۇتقۇچى)

● تۈزۈم ئاقىللارغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇق، نادانلارغا راسلانغان پەلەمپەي.

● خام خىيالچى - روھىيەتتىكى سۆلەتۋاز.

● ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىق دەھشەتلىك ئۇرۇشنىڭ تىندۇرمىسىدۇر.

● بىز دائىم: «ئەي! بىۋاپا ئالەم» دەپ ئاھ ئۇرۇمىز. نېمە ئۈچۈن «ئەي! بىۋاپا ئادەم» دەپ ئاھ ئۇرمايمىز؟

- ئايۈپ توختى (ئوقۇتقۇچى)

● خائىن نېمە، بىلمىگىنىڭ - سېنىمۇ خائىنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

● ھېچكىمدىن مېھىر-شەپقەت تەمە قىلما، شۇندىلا غالىبسەن.

● - دوزاق نېمە؟

- ئۈمىدسىزلىك

- زۆھرەگۈل ئەخەت (مۇئەللىمە)

● يۈكسەك مەقسەت ئۈستىدە بىرلىككە كەلمىگەن مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستىكى سەپەرداشلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشايدۇ.

● سېنىڭ بىرەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىقىڭغا سەۋەب بولمىسىلا سەن مەڭگۈ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيسەن.

- مەتسايىم سايىت (دېھقان)

● ساختا نەرسىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەب - راست نەرسىگە ئىشەنمىگەنلىكتە.

● ئادالەتنىڭ غەزىپى كەلسە قانۇننى چىشلەيدۇ، قانۇننىڭ غەزىپى كەلسە ئادەمنى چىشلەيدۇ. بۇ، تەرەققىياتمۇ؟...

- توختىنىياز ئالىم (ئوقۇتقۇچى)

● ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن - سېنىڭ سىرىڭنى بىلىدىغان ئادەم.

● ئاياللارغا كۆرسىتىلگەن ساداقەت، قىلىنغان ھېسداشلىق چەكتىن ئاشقاندا ئۇلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرايمىز.

● پالتىنىڭ سېپى ياغاچتىن بولغاچقا قول ئاغرىمايدۇ.

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت (دېھقان)

## ئىت پەلسەپىسى

ياۋاشنى چىشلەيمەن،
يامانغا ئىشلەيمەن.

- مەغپىرەت مەھمۇت

## ئوغلۇمغا دېمىدىغانلىرىم

● سەن چوڭ بولغانچە دۇنيامۇ چوڭىيىپ باردۇ، چۈشەنگەنسېرى سىرلىقلىشىپ كېتىدۇ. ئەمتىرىمە، ئەڭ مۇرەككەپ سىر - ئۆزۈڭنى چۈشەنسەڭلا باشقا سىرلارغا يول ئېچىلىدۇ.

● ھەقىقەت - كۈچلۈكلەرنىڭ قولىدا، ئاجىزلارنىڭ دىلىدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا كۈچلۈكلەر قولىدىكى ھەقىقەت بىلەن ئاجىزلارنىڭ دىلىنى ئېزىدۇ. ئوغلۇم، دىلىڭدىكىگە شۈكۈر قىلما، قولۇڭغا ئال.

● بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى «ئىسيان» ۋە «جىنايەت» بىلەن، ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتى «مۇلايىملىق» ۋە ئىتائەت بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ تاللا.

● تارىخنى ۋاراقلاۋەرمە، ئېزىپ قالىسەن. چۈنكى يات ئىز چۈشمەيدىغان يول يوق.

● ھۆر چېغىڭدا كىشەن چېقىشنى ئۆگىنىۋال، تىرىك چېغىڭدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىنى بىلىۋال. ھەر دەقىق كېچىكىشتۇر.

● زامان پەپىلەپ كېلەر، قىلىچ ئوينىتىپ كەلمەس. دىل ئۇيقىغا كەتكەندە قىلىچلارمۇ ئويغىتىپ بولالماس. ئېيتىمەنكى، ھەرزامان ھوشيار ۋە بىدار بول.

● ئوغلۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، «گۇناھ» دېگەن نوقۇل سەلبىي مەنىگىلا ئىگە سۆز ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىبارە. چۈنكى ئۇ «قارشىلىق كۆرسىتىش» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

● تىنچ كۆڭۈلەرگە ئىشەنمە. دۇنيادا ئەلمىساقتىن تىنچلىق بولغان ئەمەس ۋە بولمايدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىنچلىق بىر زور جەڭنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدۇر.

● بەزىدە مەردلىك - ئۆلۈم سىگنالى، سەممىيلىك - سىرتماق، ۋىجدان - دار بوپقالىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ كۆپىنچە رەقىبنىڭ مىكرىدىن ئەمەس، دوستىنىڭ قەستىدىن بولىدۇ.

● ئۆلۈمىڭ ئالدىدا سەندىن ئىككى نەرسىنى تىلەيمەن: بىرى، تېنىڭدىن بىر تامچە بولسىمۇ قان ئاقسۇن، ئىككىنچىسى، كۆزۈڭدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاقمىسۇن.

● نۇر چېچىشنى بىلمىسەڭ مەڭگۈ بىراۋنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ ياشايسەن.

● ئۆيۈڭگە مېھمان باشلاپ تالادا قالما، كۆڭۈل دەپ رەسۋا بولۇپ بالادا قالما.

- غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت (ئىشچى) (M1)



# يۇلتۇزلىرىمىز قەيەردە؟

ئابدۇرېھىم دۆلەت

## 1. بۇلار قەيەردىن كەلگەن؟

17-، 18-ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى ياۋروپا دۇنياسى خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇزى، ھوقۇقى ھەممىدىن ئۈستۈن-مۇقەددەس ئىدى. ھەممىلا يەردە، ھەرقانداق ساھەدە شۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب، قىلغىنى توغرا سانىلاتتى. شۇلار توغرا دەپ قارىغان دىنىي ئەقىدە، پرىنسىپقا زىت ھەرقانداق بىر ئىلمىي تەلىمات بىردەك سەپسەتە، دەپ ھۆكۈم قىلىناتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر قازىلىرى، دەپ قارايتتى. بۇ ئىدېئولوگىيە مۇستەبىتلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى، ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قايىل قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئۇلار تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ھەقىقەت ساداسىنى ئاڭلىيالماس بوپقالغان، لېكىن ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ ئىگىلىرى دەپ قارايدىغان بىچارىلەر ئىدى. خرىستىئان دىنى ئالىلىقاچان ئۇلارنىڭ پوپ-روھانىيلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار باشقىلارنى غاپىل سانايدىغان غاپىللاردىن ئىدى.

كېيىنچە ئىتالىيىدە قوزغالغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى، ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ئىلىم-پەندە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىلەرنىڭ دىنىي جەمئىيەتلەرگە بولغان ئېيمىنىش پوزىتسىيىسىنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىشكە، خەلق دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەرغىباتلىرىدىن گۇمانلىنىشقا، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇزى ئۆزلىكىدىن چۈشۈشكە، ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قىممىتى، ھوقۇقى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ھەققىدە مۇستەقىل مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

ئىنسانىي قىممەت، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى

## ئويغىنىش ۋە كىرىزىس

مۇھاكىمىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان شۇ چاغلاردا، ئۆز تەپەككۇرىدا دىنىي ئەقىدىلەردىن كۆرە ئەقىلنى بەكرەك ئاساس قىلىدىغان، ئىسيانكار مىجەز بىر تۈركۈم يېڭى كىشىلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئىدىيىدە ئازاد، تەپەككۇردا ئەركىن، دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولدى. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار دىنغا، دىنىي جەمئىيەتلەرگە كەسكىن تەنقىد پوزىتسىيىسى تۇتتى. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەھرىي دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيتتى. رۇسسو پارىژ ئېپىسكوپىغا يازغان ئوچۇق خېتىدە، ئۆزىنىڭ ھەمىشە خۇدانىڭ نامىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان، سىپىنوزا ئۆز پەلسەپىسىدە خۇدانىڭ مەۋجۇدلۇقىنى مەخسۇس مۇھاكىمىلەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرگەن. . . بەلكىم ئۇلار دىن دېگەن خۇسۇسىغا تەئەللۇق ئەقىدە، ئۇ سىياسىيدىن، ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىشى كېرەك دەپ قارىغان بولۇشى، بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ دىن قارىشىغا شۇ چاغلاردا ئاساس سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مارتىن ليۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىئان دىنىنى چېركاۋلارغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىنىنى پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىشىغا ئايلاندۇردى. بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا چېركاۋلىرىدا ئالاھىدە كۈنلەردىمۇ 80% ئورۇندۇق بوش قالىدىغان بولدى.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، ئىدېئولوگىيىسى، ئەخلاق مىزانى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت شەكلى، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا مۇستەقىل، كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەرگە دىئاگنوز قويۇپ، ئۆز قارىشى بويىچە رېتسېپ يېزىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى بىلەن ئەجدادلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە، ئۇقۇملارئۇچۇن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. ئۇلار ئىنسانلارغا گۈزەل كەلگۈسى، پارلاق جەمئىيەت سىزىپ بېرىشكە، ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىق ، خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە باشلىدى. خۇددى پاۋل جونسون ئېيتقاندەك: «ئۇلار پوپ-روھانىيلاردەك ئىلاھنىڭ چاكىرى، شەرھلىگۈچىسى بولماستىن، بەلكى ۋارىسى بوپقالدى» .

## 2. شەرقتىچۇ؟

ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن بۇخىل ئىسيانكار ئىدىيىدىكى كىشىلەر گەرچە غەربلىكلەر بىلەن تەپەككۇر ئۇسۇلى جەھەتتە ئاز-تولا ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تاللىغان يولى، تەشەببۇس قىلغان ئىدىيىسى يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسىدىن يىراقلاشمىدى. بۇ، بولۇپمۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى، مۇسۇلمانلاردىكى سىياسىي ئەمەلىيەتچىل روھنىڭ سۇسلىشىشىدىن كەلگەن يېقىنقى زامان ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك، غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشى ئۇلارنىڭ كرىزىس تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلارمۇ چىقىش يولى ئىزدەشكە، ئۆز ئەنئەنىسىدىن، ئىسلام دىنىدىن يېڭى يول ئىزدەشكە باشلىدى. جامالىددىن ئافغانىي ئىسلام دىنىنى دەۋرلەشتۈرۈشنى، غەربنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى، ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلام دىنىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇھەممەد ئابدۇ، رەشىد رىزالار ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىغا قايتىشقا چاقىرىق قىلدى. ئۇلار: ئىسلام دىنىغا يات ئەقىدىلەر ئارىلىشىپ قالغان، ئۇنى پاكلاش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار نىجاتلىقنى غەربلىكلەردەك دىنىنى تۇرمۇشتىن، سىياسىيدىن ئايرىشتىن ئىزدىمەي، بەلكى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىزدىدى. مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالغاندا، مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام يولىدىن چەتنىگەنلىك، دەپ چۈشەندۈرەتتى. جامالىددىن ئافغانىي باشلىغان بۇ ئاقارتىش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى مۇسا جارۇللا، ئىسمائىل غاسپىرالىيلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئابدۇقادىر داموللامغىچە كەلدى. بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتلىك ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى، مۇتائالى خەلپەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي. . . لارنى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئانا زېمىنىمىزدىكى ۋەكىللىرى، دەپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئىككى تۇپراق (شەرق ۋە غەرب) ئىسيانكارلىرىدىكى ئوخشىمىغان يول، بەلكىم ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ۋە خەلقلىرىنىڭ دىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ۋە چۈشەنچىسىدىكى پەرقىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇلاردا قانچىلىك پەرق ساقلانسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇد رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچىلار، ئۆز قەۋمىگە يېڭى يول كۆرسىتىپ بەرگۈچىلەر ئىدى.

## 3. ئۇلار قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

بۇ كىشىلەرنى دۇنيا كۈلۈپ قارشى ئالمىدى، يوللىرىغا پايانداز سالمىدى. ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىپلا ئېرىشكىنى ئازاب - ئوقۇبەت، مەھرۇملۇق، سەرسانلىق بولدى. رۇسسو دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن دەھرىي، دەپ قوغلاندى قىلىنىپ،

بىرنەچچە يىل سەرسان ياشىدى. جامالىددىن ئافغانىيمۇ سەرگەردان بولدى ۋە تۈرمىدە ياتتى. رۇسىيىلىك لاروشفوكۇ يازغان كىتابلىرى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، كېيىن قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى. جۇڭگودا بولسا، كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ، تەن سىتۇڭلار يەتكىچە ئەزىيەت تارتتى، ھەتتا تەن سىتۇڭ ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قوللىشى، چۈشىنىشىگە ئېرىشمىكى بەسى مۈشكۈل بولدى. چۈنكى بۇلار ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ رېئاللىقتىكى مەۋجۇد ھەممە نەرسىنى، خەلقنىڭ ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، سىياسىتىگە قەدەر ھەممىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەشەببۇس - ئىدىيىلەرنى قوللىنىشنى تەرغىب قىلدى. مۇقەررەركى، بۇخىل تەشەببۇس ئاسانلىقچە ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايتتى. شۇڭلاشقا، بۇ ئادەملەر مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ھاكىمىيەتنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بوپقالدى. ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلار قەتلى قىلىندى. سەۋەبى، پەمىمچە، ھەممىمىزگە ئايان. بۇ كىشىلەردە ئارمان بولدى، لېكىن دەرمان ھەقىقەتەن كەم بولدى. بۇلاردا ئۆگزىگە چىقىدىغان نىيەت بولسىمۇ، شوتا يوق ئىدى ( كىشى مۇشۇنداق چاغدا ھەقىقەتنى ماددىي قۇۋۋەت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس قىلىپ قالىدۇ) . بۇخىل پاجىئە دۇنيادىكى باشقا ئازساندىكى مۇستەبىت - ھاكىممۇتلەق ئەللەردىلا تاھازىرغىچە پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

بۇ كىشىلەر مۇنداق بىر ئورتاق ئەجەللىك ئاجىزلىقتىن ئىزچىل قۇتۇلالمىدى: ئۇ بولسىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىش. ئۇلار تىپىك غايىۋىزىمچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى تەتقىقات، ئىزدىنىشلىرىگە چۆكۈپ كېتىپ، كونكرېت مەسىلە، نەق - ئەمەلىي ئېھتىياجلارغا دىققەت-ئېتىبارىنى قارىتىپ بولالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غايە-ئىدىيىلىرى، ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە-ئۇقۇملىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، زور بەدەللەر تۆلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىغا قۇرۇۋالغان ھەيۋەتلىك قەسىر-ئوردىلىرىدىن چىقالمىدى. ئۇلار باشقىلارغا يېتىشكە تېگىشلىك غايىنى ئۆگەتسىمۇ، بۇ غايىگە قانداق يېتىشتىن ئىبارەت كونكرېت مەسىلىنى ئۆگىتەلمىدى. ئۇلار ئۈچۈن شۇ ئۇقۇملار ھەممىدىن قىممەتلىك، قەدىرلىك بولدى. ئۇلاردەك ئويلىيالمىغانلار، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەنمىگەنلەر، قوبۇل قىلمىغانلار بىردەك نادان، دەپ قارالدى. ئۇلار ئەقلىنىڭ رولىغا خۇداغا چوقۇنغاندەك ھەتتا ئۇنىڭدىن بەكرەك چوقۇندى. ئۇلار ئۈچۈن ئەقىل ھەممىنى ھەل قىلىدىغان تەڭداشسىز ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. يىراق قەدىمدىلا ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» نى، توماس مور «ئوتوپىيە» نى، فارابىيمۇ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىلىرى» نى يازدى، سېن سىمون، ئوۋېنلار خىيالىي سوتسىيالىزم، ماركس - ئېنگېلسلار كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى ياراتتى. لېكىن تاھازىرغىچە ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۇلار خىيال قىلغاندەك جەمئىيەت، دۆلەت بولۇپ باقمىدى. سانسىزلىغان كىشىلەر مۇشۇ خىيالىي تەلىماتلار ئۈچۈن ئاجايىپ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. جۇڭگودىمۇ پولات تاۋلاش يىللىرى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىمۇ كىشىلەر شۇنداق بىر ئوتوپىك تەلىمات ئۈچۈن بىھۇدە بەدەل تۆلىدى ئەمەسمۇ؟ روشەنكى، ئوتوپىزم ھوقۇق بىلەن بىرلىشىپ قالسا، ئىنسانلارنى زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. دېمەك، بۇكىشىلەر خىيالىدىكى ساماۋىي دۇنيادا ياشاپ، ئۆز غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى رېئال مۇمكىنچىلىكلەر ئۈستىدە ئويلىنىشى تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. 20-ئەسىردىكى مەشھۇر پەيلاسوپ بېرتراند رۇسسېل ئۆزى چاي ئېچىشكە تولىمۇ ئامراق بولسىمۇ، چاي دەملەشنى بىلمەيدىكەن. ئايالى ھەر قېتىم سىرتقا چىقىشتىن ئىلگىرى دەملەش تەرتىپىنى قەغەزگە يېزىپ دېرىزىگە چاپلاپ قويىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا كاملاشتۇرالماي ھەممىنى قالايمىقان قىلىۋېتىدىكەن. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار نۇرغۇن. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش سېكرېتارى ۋاڭ مىڭ موسكۋادا ماركسىزم، سوتسىيالىزم نەزەرىيىلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاڭلىماققا كىشىنى تېزلا قايىل قىلىدىغان نۇتۇقلىرى بىلەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان. لېكىن ئۇنىڭ موسكۋادا كىتابتىن ئۆگەنگەن، جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن تېخى تازا ئۆزلىشىپ بولالمىغان نەزەرىيىسى گومىنداڭنىڭ قورشاپ يوقىتىش ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالمىدى. ئۇنىڭ سولچىل خاتالىقى ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ رېئال ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتى ماۋزېدۇڭنىڭ پات-پات ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىيەتچىل پىكىرلىرى ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، زۇنيى يىغىنىدا ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنى تەبىئىيلا تىكلەندى.

بىز بۇنىڭدىن ھەرقانداق ھەقىقەت، ھەتتا ئۇ ئىلاھىي ھەقىقەت بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى رېئاللىققا لايىقلاشتۇرمايدىكەن، دىققەت-نەزىرىنى كونكرېت، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرمەيدىكەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى بەزىدە نەزەرىيىۋى پرىنسىپلاردا توغرا ئىشلار رېئاللىقتىكى نەتىجىسىنىڭ زىيانلىقلىقى تۈپەيلىدىن ۋاقىتنىچە خاتا ھېسابلىنىدۇ. تاماق يېيىش توغرا

ئىش، ئەمما قورسىقى توق چاغدا تاماق يېيىش بولسا خاتا ئىش.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ئەقىلنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە. دەل شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى، يوشۇرۇن ئىقتىدارى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى. ئەنئەنىنىڭ ئەجەللىك ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلدى (ئەلۋەتتە، مەن بۇقۇتۇلۇش يەنە بىر تۇتۇلۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ، دېيەلمەيمەن). كىشىلەرنىڭ روھىيىتى، تەپەككۇرى يېڭى - ئەركىن مۇھىتتىن نەپەس ئالدى.

## 4. ئۇلار زادى كىم؟

گەرچە ئۇلار مىسلىسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى، تالاي ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، 200يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ يېتەكچى كۈچلىرىگە ئايلاندى. ھازىرقى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ كېلەچىكىنى بۇ كىشىلەردىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ قورالى «بىلىم» نى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. قىسقىسى بۈگۈنكى دۇنيا شۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا. ئۇلار ئىنسانلارنى ھەقىقىي بەخت مەنزىلىگە باشلىيالامدۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ «ھەئە» دېگىلى بولماس. ئىشلارنىڭ پانىيدىكى نەتىجىسىگە ئاساسلىنىپلا توغرا ياكى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

مانا بۇ كىشىلەر ئادەتتە بىز ئاتايدىغان زىيالىيلاردۇر. «زىيالىي» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «تەربىيىچى - يېتەكچى» دېگەن مەنىدە؛ ئىنگلىزچىدە «Intellectual» دەپ ئاتالغان بولۇپ، سۆز يىلتىزى «Intellect» نىڭ «ئەقىل-پاراسەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «دانىشمەن»، «ئەقىلدار» دېگەن سۆزگە ئۇدۇل كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا «知识分子» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، «ئىلىم ئەھلى»، «ئىلىم ئىگىسى» دېگەن مەنىدە.

دېمەك، بىز يۇقىرىقى سۆز مەنىلىرىدىن زىيالىي دېگىنىمىز (قىسقارتىپ ئېيتقاندا) - ئەقلىي ئەمگەك، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردۇر. ئىلىم ئىگىسى بولۇش زىيالىي بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىلىمسىزلەر زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ، دېگەن يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز، شۇنداقلا يەنە تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرالايمىز:

1. زىيالىي بىلىملىك بولغىنىكەن، ئۇ چوقۇم ئۆز جامائىتىگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بىلىم ئۇنى باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقىلار ئادا قىلالمايدىغان بۇرچ - مەجبۇرىيەت يۈكلەيدۇ. ئۇلار تەبىئىيلا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچى كۈچلىرىگە، جاھالەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلىرىغا ئايلىنىدۇ. شۇ جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا تەبىئىي يۈكلەنگەن بۇ بۇرچ ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە ئادەم بوپقېلىشىنى رەت قىلىدۇ. بۇچاغدا ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ بالىسى، خوتۇنىنىڭ ئېرى، بالىسىنىڭ دادىسى بولۇشتىن باشقا، پۈتۈنسۇرۇك بىر قەۋمنىڭ يۇلتۇزى بوپقالىدۇ. پۈتۈن بىر قەۋمنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى، بەخت-سائادىتى بۇلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ.

2. زىيالىيلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىدېئولوگىيە - قىممەت سىستېمىسى، روشەن مەۋقە-مەيدانى، ئۆزى تەشەببۇس قىلىدىغان بەلگىلىك دۇنيا قاراش، ئېتىقادى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆز خەلقى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قاراۋۇللىرىغا، مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا باشقا ئەل، مەدەنىيەت زىيالىيلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 5. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر سودا ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىقتى، شۇ يەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئوقۇدى. ئۆزگە ئەل بىلەن ئۆز يۇرتى ئارىسىدىكى ئاسمان-زېمىن پەرقتىن، ئۆزخەلقىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئازابلىق ئويلارغا پاتتى، چوڭقۇر سۈكۈناتقا چۆكتى. ئۇلار شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن جەدىتلىك (ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «يېڭىلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئۆز خەلقىغە مەرىپەت-مائارىپنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن بۇ كىشىلەر ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ھەرخىل يوللار بىلەن ئاقارتىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار سىستېمىلىق بىرەر نەزەرىيە، مەلۇم بىر پەلسەپۋى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار نادانلىق - جاھالەتنىڭ نېمىلىكى (بۇنى چۈشەنمەيدىغانلار ھېلىھەم مەۋجۇد) نى، خەلقىمىزگە ئەكەلگەن زىيىنىنى، خەلقنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلدى. ئۆزى بىلگىنىچە چىقىش يولى ئىزدىدى. ئۇلار ئۆزىدىكى ھەممىنى بۇ خەلققە ئاتىدى. گەرچە ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىغان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدى.

مانا بۇ ئەڭ قىممەتلىك روھ! سىياسىي سەزگۈرلۈكىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بۇ كىشىلەردىكى ئورتاق ئاجىزلىق بوپقالدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ ، بىزدىمۇ رۇسلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان يېڭىچە زىيالىيلار كۆپىيىشكە باشلىدى. كېيىنچە مۇستەبىت كۈچلەر زىيالىيلارنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالغان، ئۇلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشى ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلاردا زىيالىيلار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالمىدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك يېڭى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن زىيالىيلار مەيدانغا كېلىپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، مائارىپ ـ مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەت ئۆتەشكە باشلىدى. «ئېچىلىپ سايراش» ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە زىيالىيلار قوشۇنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن مائارىپنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلاردىن ھازىرقى زامان زىيالىيلىرى يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ھەرگىزمۇ تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلارغا يېتەلمىدى. ئۇلار ھېس قىلغاننى بۈگۈنكىلەر ھېس قىلالمىدى. ئۇلاردىكى پىداكارلىق بۇ ئەۋلاد زىيالىيلاردا تېپىلمىدى. ئۇيغۇر يېڭى زامان زىيالىيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ھازىرغىچە بولغان جەريانى، ئوچۇقىنى دېگەندە، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن بارغانچە ياتلىشىش جەريانى بولدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇلار شۇنچە ئاسىيلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ پۈتكۈل جەريانغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلاردا ئۇيغاق زىيالىيلاردىن گۇمراھ زىيالىيلار كۆپ بولدى. ئۇلار تا بۈگۈنگىچە ئۆزىگە خاس قىممەت سىستېمىسى يارىتالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىدىيىسى بولمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار نېمىنى تەتقىق قىلسا، شۇنىڭ قۇلىغا، قايسى ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا شۇنىڭ گۇماشتىسىغا ئايلىنىپ، ئۆزىگە خاس مەۋقە شەكىللەندۈرەلمىدى. ئۇيغۇرلاردا زىيالىي بار دېيىلسە، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىنىغا قاراش كېرەك. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى شۇ بولدىكى، ئۇلار ھەممىشە نىجاتلىقنى تاشقى مۇھىتتىن، نامەلۇم نەرسىلەردىن ئىزدىدى، قانچە ئىزدىگەنسېرى ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلاشتى. ئۇلاردىكى ئىزچىل روھىي مەھكۇملۇق ئۇلارنىڭ ھەممىشە ئۆزلىرىگە باشپاناھ، يۆلەنچۈك ئىزدىشىگە سەۋەب بولدى. بۇلار ھېس قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ھېس قىلالمىدى، شۇ سەۋەبتىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپالمىدى. ئۇلار توختىماي تىرىشقاندەك كۆرۈندۇ-يۇ، ۋەھالەنكى بۇ خەلققە ئۇلاردىن ھەقىقىي ئەمەلىي نەپ يەتمىدى. خەلق مۇتەپەككۇرغا تازا موھتاج چاغدا، ئۇلار خەلققە نۇرغۇن ھازىرقى زامان مەدداھلىرىنى تەقدىم قىلدى (مۇھەررىردىن) . زىيالىيلارنىڭ جاسارەت بولغانلىرىدا ئىقتىدار، ئىقتىدار بولغانلىرىدا جاسارەت بولمىدى. تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ زىيالىيلىقى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش بولسا، بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ نەپ ئېلىشقا ئالماشتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يات ئىدىيىلەرنى تومتاقلا ـ دوگمىلارچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئويلاشمىدى. باشقىلارنىڭ يېنىدا ئۇقۇم، ساۋات خاراكتېرلىك نەرسىلەر بۇ يەردە ۋەھىيدەك بىلىپ چوقۇنۇلدى. ئۇلارغا بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار ئامال يوق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يىللار ئۆتكەنسېرى ھەقىقىي ئەسلى مەنىسىدىن ياتلىشىپ، ئادەمنى خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دىپلوم ئالغان ھەرقانداق بىر ئادەم زىيالىي ھېسابلىنىدىغان بوپقالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا زىيالىيلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يېتەرلىك ھاقارەت ئەمەسمۇ؟!

### 6. زىيالىيلاردا بىلىم ۋە ئىقتىدار كرىزىسى

بىلىمسىزلىك بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىكى ئورتاق كرىزىس. «بىلىملىك» ، «بىلىمسىز» دېگەن ئۇقۇملار، شۇ بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي بىلىم ـمەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، شۇ جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ئېھتىياجىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدىغان نىسپىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ، زامان، ماكان چەكلىمىسىگە ئىگە. ئارخىمېد بىلىملىك ئالىم، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ بىلىدىغىنىنى ئالىي مەكتەپ فىزىكا ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىڭغا ئاساسەنلا ئارخىمېدنى بىلىمسىز، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ. مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى بەلگىلىك ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلىملىك بولۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدا ئۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىغۇدەك بىلىم ئەمەس، شۇ ئېھتىياج، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مۇكەممەل چۈشەنچىمۇ تېخىچە شەكىللىنىپ بولالمىدى. «بىلىم» دېگەن ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچىسىمۇ يېتەرلىك، مۇپەسسەل ئەمەس. شۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىدىن (سىرتتىن بىرمۇ سوئال چىقارماي) ، ھازىرقى خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئىمتىھان ئالسا، گەپ يوق

يېرىمى ئۆتەلمەيدۇ (ئاز دېگەندە). ئىشەنمىسىڭىز، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىڭىزدىن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار بولسا سوراپ باقسىڭىز بولىدۇ. بىزدە تۆت-بەش يىل خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن بولسىمۇ قاملاشتۇرۇپ بىر پارچە خەنزۇچە دوكلات يازالمايدىغان، يە تەرجىمە قىلالمايدىغان، ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ماتېماتىكا ئۆگەنگەن بولسىمۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكىدىن ئىمتىھان ئالسا، ئۆتەلمەيدىغان «زىيالىيلار» كۆرمىڭ.

زىيالىيلىرىمىزدىكى بىلىم كىرىزىسى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك بىلمەسلىك (بىلىمسىزلىك) كىرىزىسى. بۇ ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال. يەنە بىرى، بىلگىنىنى ئىشلىتەلمەسلىك كىرىزىسى. بۇ بىزدىكى ئازساندىكى بىلىملىك كىشىلەردە ساقلىنىۋاتقان ئاجىزلىق. روشەنكى، بىلىم ئىگىلەش ئايرىم مەسىلە، ئۇنى تەدبىقلاش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش ھەم ئايرىم مەسىلە.

بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆز ئىگىسىدىن بەلگىلىك ئىقتىدار، دىت، جۈرئەت تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، شۇ كىشىدە ئۆز بىلىمى بىلەن ئەتراپىدىكى قايسى ئەمەلىي ئىشلارنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىلىق ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا بىلىم ئىگىسىدە بۇ ھەقتە ئېنىق تونۇش بولمىسا، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىگىنىنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەكلەرگە، ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىپ مارالنىڭ ئۆز ئالدىغا كەلمىگىنىگە رەنجىپ يۈرۈيدىغان ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. بۇلار مارال ئىزدەپ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئۇلار ئوۋچىلىقنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلىگەن بىلەن، ئۆزلىرى پەقەت باغلاپ بېرىلگەن ھايۋانلارنىلا قارىغا ئالالايدۇ. بىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىش پۈتۈنلەي ئىگىلىگۈچىگە تەئەللۇق مەسىلە.

ئۇنى ئۇنىڭغا بىرەرسىنىڭ كېلىپ ئۆگىتىشى ئارتۇقچە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز بىلىمىگە، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىقىغا، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلەشتىكى مەقسىتىگە باغلىق. قىزىق يېرى، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بايقىمىغانلىقىغا، ئۆزىنى ئىشلەتمىگەنلىكىگە، بىلىمىنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي، ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا كىملەردىندۇر ئاغرىنىپ، باتناپ يۈرىدۇ. ئۇلار ھەممىنى جەمئىيەتتىن، باشقىلاردىن كۆرىدۇ.

ھەممەيلەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي بىل گېيتسنى بىلىشى مۇمكىن. ئۇ، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىللا ئوقۇپ، 17 يېشىدا ھازىرقى «Microsoft» شىركىتىنى قۇرغان. ئەگەر ئۇنىڭ كومپيۇتېردا پروگرامما تۈزۈش تالانتىلا بولۇپ، ئۆز تالانتى بىلەن قانداق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى تونۇپ يەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتى بولمايتتى. بولمىسا ئامېرىكىدا ئۇنىڭدەك ياكى ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق پروگراممىچىلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كاللىسى بىلەن كومپيۇتېر تالانتى بىرلىشىپ، بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

## 7. يۇقىرىقى كىرىزىسنىڭ سەۋەبلىرى

بۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: مائارىپ، زەئىپ مەنىۋىيەت، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى.

### مائارىپ

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ھازىرقى مائارىپىمىزدا ئۆگەنگەن بىلىملەر بىلەن مەكتەپ، ئىدارىلەردە خىزمەت قىلغىلى، كىتاب ئوقۇغىلى، ئانكېتلارنى توشتۇرغىلى، سودا— سېتىق قىلىپ قالساق پۇل سانىغىلى... بولىدۇ. ئەمما بىز ئىدارىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەن جان باقايلى دېسەك، بىز چوقۇم كوچىدىكى گازىرچى، باققاللاردىنمۇ ئىقتىدارسىز.

يەنە بىر جەھەتتە، يۇمشاق قولاقلارنى تەربىيىلەيدىغان مائارىپتا، زىيالىيلار كىچىكىدىن باشلاپ تايىنىپ چوڭ بولىدۇ. ئۇلار ئائىلىدە ئاتا-ئانىغا، مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرى، سىنىپ ھەيئەتلىرىگە، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا... تايىنىدۇ. خىزمەتكە چىققاندا بولسا، تەشكىلگە، باشلىقىغا تايىنىدۇ. بۇنداق بىر ئۆمۈر تايىنىپ چوڭ بولغان كىشىلەردە ئۆزى مۇستەقىل ئىش قىلىدىغان ئىدىيە، جۈرئەت بولمايدۇ. ئۆز تايانغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاشنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئۇلار گەرچە ئىككى پۇتلۇق تۇغۇلغان بولسىمۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تايىنىپ ياشاش جەريانىدا ئۇلاردا كۆرۈنمەس ئۈچىنچى پۇت ئۆسۈپ قالغان. بۇ پۇت ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ پۇت بولمىسا، ئۇلار تىك تۇرالماي يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان.

ئەگەر مائارىپ بىر ئادەمگە مۇستەقىل، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاشنى ئۆگىتەلمىسە، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشقىلارغا ئىشلەشنى مەقسەت قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇلاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ياشاش پىلانى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى باشقىلارغا ئىشلەش بولغانىكەن، ئۇنىڭ

روھىيەت، تەپەككۇر قۇرۇلمىسى مۇشۇ مەقسەتكە ئاساسەن شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيىتى بولمايدۇ. شەرەپ گۇۋاھنامىسى، تەقدىرنامە، گۇنۋان، دەرىجىلەرگە ئېرىشكىنىدىن مەست بولۇپ ياشايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن؟ دەپ سورىسىڭىز، دوختۇر، مۇئەللىم، جەڭچى، ئۇچقۇچى، سەنئەتچى. . . بولىمەن، دەيدۇ، ھەرگىزمۇ بىرەرسى ئۆزۈم ئىگىلىك تىكلەيمەن، تىجارەتچى بولىمەن، دېمەيدۇ. چۈنكى بىز ئۇلارغا شۇنداق ئۆگەتكەن.

## زەئىپ مەنىۋىيەت

ئادەم تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى مەلۇم نىشانغا ئاساسەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. روشەنكى، ھايۋاننىڭ ياشىشى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن قانۇنىيەتنى ئىجرا قىلىش جەريانى. ئۇنىڭ ھاياتىدا روشەن مەقسەت بولمايدۇ. بار دېيىلسە، جان ساقلاش ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى. ئۇنىڭ قورسىقى تويسا، توڭلاپ قالمىسىلا ئۇنىڭ تەلپى قانىدۇ. ئادەملەر بولسا، ئۆز ھاياتىنى مەلۇم بىر غايە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى شۇنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەڭشەيدۇ. بۇ، ئىنسانغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ. ئىنسانلارنىڭ جان ساقلىشى مەقسەت ھېسابلانماستىن، مەلۇم غايىنىڭ تەييارلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ھاياتىغا نىسبەتەن مۇشۇنچىلىك چۈشەنچىسى يوق ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىدىن گۇمانلىنىش كېرەك. ھايۋان جان ساقلاش ئۈچۈنلا ياشىغاچقا، ئۇنىڭ پائالىيىتى قەيەردە يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسە بار؟ دېگەننى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىنسانلاردا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلۇغۋار غايە بولۇشى كېرەك. ئىنسانلاردىكى نىشان، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ماتور ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار شۇ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىنىڭ كۈچىدە ھەرىكەتلىنىدۇ، ھاياتىنى ئۇلۇغۋار غايىلەرگە يېتىشتىكى ئۇلۇغۋار جەريانغا ئايلاندۇرالايدۇ. نەپسىنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنىغا ئايلىنالىغانلار، تاشقى بېسىم، سىرتقى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئىچكى ئېھتىياج، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ تەرىپىدىن ئۆز نىشانىغا ئىلگىرىلىيەلىگەنلەر ھەقىقىي ئازاد-ئەركىن كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس-تۈگىمەس قۇۋۋەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى باشقىلار باشلاپ قويغان سۇنى ئېقىتىدىغان نو ئەمەس، ئۆزىدىن سۇ ئۇرغۇپ چىقىپ تۇرالايدىغان بۇلاقتۇر. ۋەھالەنكى، بۇنداق بۇلاقتىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ياشناپ تۇرغان باراقسان گۈلىستانلارغا ئەمەس، قاغجىراپ كەتكەن جەزىرىگە ئوخشايدۇ. يەپ - ئىچىش ئۈچۈن ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى، ياشاش ئۈچۈن يەپ - ئىچىۋاتقان كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، زىيالىيلىرىمىزدىكى بىلىم كىرىزىسى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ مەنىۋىيەت كىرىزىسىدىن، كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئۇلاردىكى غايە بوھرانىدىن كەلگەن. غايىدىن مەھرۇم كىشىلەر ھاياتلىق كۈچىنىڭ يېرىمىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر. ناۋادا زىيالىيلىرىمىزدا غايە بولغان بولسا، ئۆز غايىسىگە يېتىش داۋامىدا بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان، تەبىئىي ھالدا ھېچقانداق ھەيدەكچىسىز، ئۆزلۈكىدىن تىرىشقان بولاتتى. ھازىر زىيالىيلىرىمىز ئىتتەرمىسە ئوت ئالمايدىغان ئەبجەق ماشىنىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ياشاش دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىنسانغا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ، ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك ۋەزنى بارلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمىگەچكە، قورساقتىن سىرت ئىشلار ئۇلارنىڭ پائالىيەت كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالالمىغان.

غايە ئۈچۈن تىرىشىش جەريانى، ماھىيەتتە ئادەمنىڭ بەدەل تۆلەش جەريانىدۇر. بەدەل غايىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلپى. زىيالىيلىرىمىزنىڭ بەدەل تۆلەشتىن قورقىشى تۆلىمەكچى بولغان بەدەلنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەمەس، غايىسىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ سۇسلىقىدىن بولغان بولىدۇ. ئىرادە كۈچى ئوخشىمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ، قىيىنچىلىقنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر پارچە تېكىست يادلاش بەسي مۇشكۇل ئىش، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر كىچىكرەك لۇغەت يادلاش ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ئاجىزلار قىيىنچىلىقنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆرىدۇ.

## جەمئىيەت قۇرۇلمىسى

ئىلگىرى ئۇيغۇرلاردا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، موللا قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ھېچبولمىغاندا «قۇرئان» ساۋاتىنى بولسىمۇ چىقىرىۋالاتتى. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ، ئۆز دىنىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىنمۇ؟ مەن شۇنداقلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى بالىلىرىنى مۇنداق ئىككى مەقسەتتە ئوقۇتىدۇ: بىرى، ئوقۇپ موللا بولسا بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ (چۈنكى ئۇلارغا نەزىر، مېيىت نامىزى. . . دېگەندەك ئىشلاردا كېلىپ تۇرىدۇ)، جەمئىيەتتە ئابرويى، ئورنى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىرى، ناۋادا قازا-قەدىر يېتىپ قالسا، تۇپراق بېشىمىزدا «قۇرئان» ئوقۇپ قويار، دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىمنى ئارزۇلىشى شۇ بىلىمنىڭ ئۇلارغا ئەمەلىي نەپ ئەكېلەلىگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

بەلگىلىك شەيئىي جەمئىيەتتە كىشىلەرگە ئەمەلىي نەپ ئەكېلەلىسە، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرەلىسە، شۇ شەيئىي مەزكۇر جەمئىيەت كىشىلىرى قوغلىشىدىغان، ئارزۇلايدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ شەيئىينىڭ قىممىتى، ئۇلۇغلىقى قەغەز ۋە ئېغىزدىلا كۆچەپ ئېيتىلىپ، قايتا-قايتا شەرھىيلىنىپ، لېكىن ئەمەلدە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئەمەلىي مەنپەئەت ئەكېلەلمىسە، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا قىزىقىشتىن سوۋۇيدۇ.

پۇل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوغلىشىدىغان نەرسە، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ، مەسىلىلىرىنى ھەل قىلالايدۇ. دېمەك، ئۇ ھاجەتلەرنى راۋان قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قوغلىشىدۇ. ھوقۇق بولمۇ بىزنىڭ كادىرلىرىمىز چۈشەيدىغان شېرىن ئارزۇ. چۈنكى ئۇمۇ ھوقۇقدارنى نۇرغۇن قولايلىقلارغا ، ئىمتىياز-نوپۇزغا ئىگە قىلالايدۇ، ئىشلىرى ئۆزلىكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ( بۇ يەردە ھوقۇق ئەكېلىدىغان ئىمتىيازلارنى ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز) . شۇ ئىستەكتە نۇرغۇن كىشىلەر مەن مۇناسىپمۇ، دەپ ئويلىشىپ يۈرمەي ھوقۇقدار بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان ئارتىسلارچە ياسالما ھاياتىنى باشلىۋېتىدۇ(چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن مۇناسىپ ئەمەسلەرنىڭمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ، قاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆپ كۆرگەچكە) .

مەلۇم جەمئىيەتتە، ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭمۇ كىشىلەر قوغلىشىدىغان، ئىنتىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنالماسلىقى، ھەرگىزمۇ شۇ شەيئىيلەرنىڭ قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ قالغانلىقىدىن ، جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكى، جەمئىيەت كىشىلىرىدە ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك چوڭقۇر بولماسلىقى، ئىجتىمائىي مېخانىزمدىكى تەتۈرلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن بولىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بىلىم، ئىگىلىك قۇرۇلمىمىزدىكى تەتۈرلۈكلەرنىڭ قۇربانى بوپكېتىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن ساقىت بوپقالغان ئۇلۇغ شەيئىيلەرنىڭ بىرى. بىلىم بۈيۈك، بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ يەككە ئۇقۇم ھالىتىدىكى مەنىسىدە ئەمەس، تەدبىقلىنىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزەلىگەنلىكىدە . دېمەك، بىلىم كىشىلەرگە ئەسقاتسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزگىرىش ئەكېلەلىسە، شۇ جەمئىيەتتە بىلىمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولغان بولىدۇ. شۇندىلا بىلىم كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىش نىشانىغا ئايلىنالايدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىلىم تېخى جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ھەقىقىي چۈشىنىلگىنى، قەدرى چوڭقۇر ھېس قىلىنغىنى يوق. سەۋەب، بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەرنىڭ باراۋەر بوپقالغانلىقىدا( بۇ، بىلىملىكلەرگە نىسبەتەن بىر خورلۇق) . ناۋادا بىلىمسىزلەر ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن قەدەمدە بىر تۇمشۇقىغا يەپ، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، بىلىملىكلەر ئۆز بىلىمىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن، بىلىمگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە چۈشلۇق ھوسۇل ئالالىغان، ئۆز لايىقىدا قەدىرلىنەلىگەن بولسا، كىشىلەر بىلىمسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈپ، تەبىئىي ھالدا تىرىشقان بولاتتى. بىلىم تېخىچە ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولالمايۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى تازا چوڭقۇر ھېس قىلالمىدى. چۈنكى ئىدارىدىكى ئىشلارئۇلاردىن ئالاھىدە يۇقىرى ساپا-سەۋىيە تەلەپ قىلمىغاچقا، ئۇلارغا بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كىرىمىدىن خاتىرجەم.

بىزدە بىلىملىكلەر يوق ئەمەس، بىلىم مۇھىتى يوق. گەرچە دۇنيانىڭ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىپ بولغانلىقى ئاللىقاچان ئومۇم ئېتىراپ قىلغان پاكىت بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇ يەر تېخىچە دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرالماي ئاۋارە. ئىجتىمائىي ئىگىلىك فورمىسىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا بولغان ساپا - ئىقتىدار تەلىپى كۈچەيسە، كىشىلەرئۆزلىكىدىن ئىزدىنىدۇ. بۇخىل تەلەپنىڭ كۈچىيىشىنى شۇ خىل ئىگىلىك فورمىسىنىڭ بىلىم-ماھارەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچ ياكى ئەمەسلىكى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق كىرىمى كادىرلارنىڭ مائاشىدىن، تىجارەتچىلەرنىڭ پارچە-پۇرات تىجارەتتىن، دېھقانلارنىڭ بولسا تېرىقچىلىقتىن كېلىدۇ. گەرچە بۇخىل ئىگىلىك فورمىلىرىنىڭ بىلىم بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولسىمۇ، شۇ كەسپتە مەخسۇس تەربىيىلىنىشكە بولغان تەلىپى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، بۇلارنىڭ تەلىپىدىن ساۋات خاراكتېرلىك بىلىم بىلەنمۇ چىققىلى بولىدۇ. ھەم بىلىمگە بولغان تەلەپنىڭ كۈچىيىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سانائەت ئىگىلىكىدە بىلىم بايلىق خەزىنىسىگە ئايلىنىدۇ، بىلىم ئىگىلىكىدە بولسا خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتىدە بىلىم ياشاشتىكى شوتا بولسا، بىلىم جەمئىيىتىدە ئادەمنىڭ جېنى بوپقالىدۇ.

بىزدىن بىل گېيتىستەك تالانتلىق پروگراممىچىلارچىقىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدەك بايغا ئايلىنالىشى ناتايىن. چۈنكى لەھەڭ

ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ياشىيالمايدۇ، لەھەڭ يېتىشتۈرۈشتىن ئاۋۋال لەھەڭگە لايىق كۆل قېزىلىشى كېرەك.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ توختىماي تىرىشىشى ئۇلاردا ئالاھىدە بىرخىل روھنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، رىقابەتلىك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۇلارنى شۇنداق تىرىشىشقا مەجبۇرلىغانلىقى تۈپەيلىدىندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالقاۋلىقى، ھۇرۇنلۇقى ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئېغىر بەدەل تۆلىشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە زىيالىيلار ھۇرۇنلۇقنىڭ راھىتىنى كۆرىدۇكى، زىيىنىنى تارتمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا دەسلەپتە كومپيۇتېر تىجارىتى باشلانغاندا، ھەممە ئۈمىدلەنگەن، يېڭى تىجارەت يولى تېپىلغاندەك بولغان، لېكىن ئەمدىلىكتە دەسلەپكى قىزغىنلىقتىن ئەسەر يوق. بۇ، كومپيۇتېر شىركەتلىرىنىڭ كۆپىيىپ، رىقابەتچىلەرنىڭ ئاۋۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ يۇمشاق دېتال، كومپيۇتېرغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان. ئۇيغۇرلاردا بىلىم ئىگىلىككە قەدەم قويغىدەك ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ شەرتلەر تېخى پىشىپ يېتىلگىنى يوق.

دېمەك، بىلىمنىڭ قەدرى بولمايدىغان، بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتمايدىغان، بىلىملىكلەرنىڭ تىزگىنىنى بىلىمسىزلەر قولىغا ئېلىۋالغان، بىلىملىكلەر بىلىمسىزلەر بىلەن باراۋەر، ھەتتا بىلىمسىزلەر ئۈستۈن تۇرۇۋالغان بۇ جەمئىيەتتە، زىيالىيلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشكە بولغان تاشقى بېسىم، زۆرۈرىيەت يېتەرلىك كۈچلۈك بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزمۇ بىلىمنى ئانچە مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار يەنىلا خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ.

## 8. زىيالىيلىرىمىزدا مەسئۇلىيەت كرىزىسى

دۇنيادا مۇكەممەل مىللىي مەدەنىيەت بولمايدۇ. مىللىيلىقتا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئاجىزلىقى، ھەم ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللىي مەدەنىيەتتە بەلگىلىك ئىممۇنىتېت كۈچى، شۇنداقلا يات مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ھەزىم قىلالىغۇدەك ساغلام ئاشقازان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاشقازان ماھىيەتتە شۇ مىللەتتىكى دانالار (ئەمدىلىكتە زىيالىيلار) نى كۆرسىتىدۇ. قۇۋۋەت ئاشقازاندا ھەزىم قىلىنىپ، ئاندىن بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىغا تارقىلغاندەك، يات مەدەنىيەت، ئىدىيىلەرمۇ ئاۋۋال دانالارنىڭ تاسقىشىدىن - ھەزىمىدىن ئۆتۈپ، باشقا ئەزالارغا تارقايدۇ. ناۋادا دانالارنىڭ سەزگۈرلۈكى يېتەرلىك بولالماي، ئۆزىنىڭ ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىپ قويسا، ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ ئۆزلۈك گېنى ئاينىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۆز ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىپ قويماسلىقى ئۈچۈن «يەيدىغان» نەرسىلىرىگە دىققەت قىلىشى، نېمىنى تاللاش، نېمىنى شاللاش ھەققىدە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك قىممەت ئۆلچىمى بولۇشى، ئۆز ئەنئەنىسى بىلەن يات مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇۋاپىق بىرلىكىدىن مەلۇم بىر پەلسەپىۋى ئىدىيە، مەدەنىيەت قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ۋەھالەنكى بۇ ئىنتايىن جاپالىق - قىيىن ئەمگەك. ئەجنەبىي ئىدىيىلەر توختىماي تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغان بۈگۈنكىدەك بىر شارائىتتا، مۇداپىئە بىلەن قوبۇللاشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرگەن، ئۆز-يات مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان بىر ئىدىيىگە پۈتكۈل مىللەت تەقەززا. مانا بۇ ئۇلۇغ بۇرچ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ زىممىسىدە.

ئەپسۇس، دەۋرنىڭ مەسخىرىسى شۇكى، بۇخىل ئۆزلۈك گېنىنىڭ ياتلىشىشى ئاۋۋال بىزنىڭ زىيالىيلاردىن باشلىنىۋاتىدۇ، ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ ئاۋۋالقى تەجرىبە بويۇملىرى شۇلار بوپقېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ قانچىلىك ئېغىر دەرىجىدە ئىدېئولوگىيە، ئېتىقاد كرىزىسىغا مۇپتىلا بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئۆزىنىڭمۇ ئېنىق مەۋقەسى، ئىدىيىسى يوق، ئۆزلىرىنىمۇ قۇتقۇزالمايۋاتقان زىيالىيلاردىن بۇ بۇرچنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىش، بۈگۈنكى كۈندە ئۆلۈكتىن ئىمان تەلەپ قىلغاندەك بىر ئىش بوپقالدى. ئۇلار ئاللىقاچان ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ سادىق گۇماشتىلىرىغا ئايلىنىپ، روھىي جەھەتتىن گۇمراھلىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇخىل يۈزلىنىش جەمئىيىتىمىزدە زىيالىيلار بىلەن دېھقانلارنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىپ قېلىشىدەك پاجىئەگە سەۋەب بولۇپ، مىللەت بىرلىكىدىكى مەنىۋى ئاساس ئاستا-ئاستا يىمىرىلىشكە باشلىدى. بىر مىللەت ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە، مەنىۋىيەتتىكى بۆلۈنۈش، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەھدىت ئەكېلىدىغان ئەڭ ماھىيەتلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ۋەھالەنكى، بۇ ئىككى قۇتۇبنىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىدىيىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ چوڭقۇر ئەمەس. دېھقانلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز دىنى ھەققىدىكى ئەڭ ئەقەللىي چۈشەنچىلەردىنمۇ خەۋەرسىز، ئۇلار ئۈچۈن دىن دوزاق ۋە جەننەتتىنلا دېرەك بېرىدىغان باقىيغا تەئەللۇق ئۇقۇم. زىيالىيلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرى چاپلىشىۋالغان ئەجنەبىي ئىدىيىنىڭ ئۆزىگە بولغان چۈشەنچىسىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا. ئۇلار ئاللىقاچان ئۆزلىرى ئۆگەنگەن، ئوقۇغان نەرسىلەرنىڭ قۇربانى بوپكەتكەن. مەنىۋى ئوزۇق مەنبەسىدىن مەھرۇم مىللەتنىڭ تەقدىرى تارىم ۋادىسىدىكى سۇسىز قالغان توغراقلاردەك بوپقېلىشى تەبىئىي (گەرچە بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى توغراققا

ئوخشاتقىلى بولمىسمۇ؛ توغراق ياشىرىپ مىڭ يىل، قۇرۇپ قىلىپ مىڭ يىل، يىقىلىپ مىڭ يىل ياشارمىش، بىزدە جىسمى تىرىك يۈرسىمۇ، روھى ئۆلگەن ئادەملەر كۆرمىڭ).

زىيالىيلىرىمىزدا تېخىچە مۇكەممەل ئىدىيە سالماقلىقى، بەلگىلىك ئاڭ قۇتۇبى شەكىللەنمىدى. مەۋقەسىزلىك ھەربىر زىيالىيدىلا ئەمەس، زىيالىيلار ئىچىدىكى سەركە سۈپەت كىشىلىرىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە تېخىچە پارچە-پۇرات قاراشلار ھۆكۈمران بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئىدىيە ئېقىمى، زىيالىيلار ئارىسىدا ئورتاق تىل، ھەمكارلىق شەكىللەنگىنى يوق. گەرچە ئادەملەردە مۇستەقىل قاراش بولۇشى ياخشى ئىش ھېسابلانسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن باش-ئاخىرى بار ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلەلمەسلىكى، مەسىلىلەرگە ھەممەيلەننىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە دىئاگنوز قويۇپ، ھۆكۈم چىقىرىپ يۈرۈشى، جەمئىيەتتە ئىلمىنىڭ نوپۇزىنى قويمايدۇ، ئاۋام بولسا خىلمۇ خىل ئىدىيە - قاراشلار ئارىسىدا قايمۇقۇپ، گاڭگىراپ يۈرىدۇ. دانالار مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قاراۋۇللىرىدۇر، لېكىن بىزنىڭ بەزى دانالىرىمىز (زىيالىيلار) مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەتكەسچىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

شۈبھىسىزكى، مەۋجۇدلۇق مىللەتكە نىسبەتەن ئېغىر سوئالغا ئايلانغاندا، جاۋاب بېرىش ۋەزىپىسى ئاۋۋال زىيالىيلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. لېكىن زىيالىيلىرىمىز مەۋجۇدلۇقنى جىسمانىي مەۋجۇدلۇق دەپ چۈشىنىۋاتىدۇ. بىر مىللەت ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بۇ يەردىكى مەۋجۇدلۇق، مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ماھىيەتلىك يادرو قىلغان مەنىۋى ئۇيۇللۇقنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ئاستا-ئاستا ياتلىشىشى، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى مۇستەقىللىقىنى چىرىتىپ، ئۆزلۈك گېنىنى يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا مىللەت ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالىدۇ. ئۆزىگە ئىگە بولالمىغانلىقىنىڭ ئۆزى دەل مەۋجۇدلۇقنى يوقاتقانلىقتۇر.

خەلقىمىز گەۋدىسىدە زىيالىيلار «سەزگۈرلەر» قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار خەلقىمىزنىڭ مېڭىسى، نېرۋىسى، سەزگۈ ئەزالىرىدۇر. خەلقىمىز تاشقى ئۇچۇرلارنى شۇلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىدۇ، شۇلار ئارقىلىق ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ. زىيالىيلارنىڭ نېمىنى قوبۇل قىلىپ، نېمىنى تەرك ئېتىشى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى بوپقالماستىن، ئۇلاردىن ھالقىغان، مىللەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئومۇملۇق مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ناۋادا خەلقتىكى بۇ سەزگۈر نېرۋىلار ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ چاغدا بۇ خەلقنى ناركوز قىلماي ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ ۋاي دېمەيدۇ. زىيالىيلار ئاۋامنىڭ مېڭىسى ھېسابلانغاچقا، ئۇلار تەبىئىيلا ئاۋامغا يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئاۋام ئۆز ھالىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئۆز تەقدىرىنىڭ قەيەرگە مېڭىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر، غاپىل كىشىلەردۇر. ئۇلار دائىم غەپلەتتە، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئالدىنىشتۇر.

زىيالىيلار بولسا ئاقارتقۇچىلار، ئاۋامنىڭ يولباشچىلىرىدۇر. زىيالىيلار ئۆز قەۋمىنى زىيانلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، پايدىلىق ئىشلارغا يېتەكلەپ، يول كۆرسىتىشى، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى زۆرۈر. بۇنۇقتىدىن قارىغاندا، زىيالىيلار ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك تۇرمۇشىدىن ھالقىشقا تېگىشلىك كىشىلەردۇر. ئەپسۇس، بىزدە بۇلار يەنە خەلققە قالدۇرۇلغان، زىيالىيلىرىمىز ئائىلە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي ئاۋارە.

بىزدە مائارىپىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزگە خاس مائارىپ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان، مائارىپىمىزغا يېڭى يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان پېداگوگلار، مائارىپ پسىخولوگىيىسىدىن ھالقىپ، مىللەتتىكى ئومۇمىي پسىخىك ئاجىزلىقلارنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، رېتسېپ يازالايدىغان پسىخولوگلار، خەلققە بىلىش زۆرۈر نەرسىلەرنى بىلدۈرەلەيدىغان يازغۇچىلار، خەلققە يېڭى ئىدىيە، روھىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، مۇئەييەن دەرىجىدە تۇراقلاشقان ئىدىيە قۇتۇبى، قىممەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرەلەيدىغان پەيلاسوپ - مۇتەپەككۇرلار، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە، سىياسەتلىرىدىكى بىر تەرەپلىمە جايلارنى كۆرسىتىپ، يېڭى چارە تەدبىر ئېيتەلەيدىغان سىياسىيئون، مىللىي ئىگىلىكنى ئىلمىي تەھلىللەپ، تىجارەتچىلىرىمىزگە يېڭى يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ھازىرقى زاماندا سودىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدىغان ئىقتىسادشۇناسلار، ئىجتىمائىي قاتلاملىرىمىزدىكى ھەرخىل مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى، زىيىنىنى، ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان جەمئىيەتشۇناسلار، خەلقئارالىق سەۋىيىگە ئىگە پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى يارىتالايدىغان ئالىملار، مىللىي سودىنى خەلقئارا بازارغا ئېكىرەلەيدىغان كارخانىچى - تىجارەتچىلەر بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۇيۇشۇپ، ئۆز قەۋمىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن يېڭى لايىھە - خەرىتىلەرنى سۇنۇشى، ئۆز ساھەلىرىدە يېڭى-يېڭى ئىلىم سەمەرىلىرىنى يارىتىشى زۆرۈر. ئۇلار ھەمكارلىشىپ، خەلق ئىچىدىكى ئاقىللار گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

## 9. زىيالىيلىرىمىز نېمىنى بەھس قىلىۋاتىدۇ؟

شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ ئىزچىل سادىر قىلىپ

كەلگەن بىر خاتالىقى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى شۇ خەلقنىڭ ئانا تېمىسىنىڭ، ئەڭ زۆرۈر مەسىلىسىنىڭ ئەتراپىغا قول تۇتۇشۇپ ئۇيۇشالمىدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ يۈرگەچكە، خەلقى مەھكۇملۇق تەقدىرىگە مۇپتىلا بولدى. ئۇلار دەۋر سوراۋاتقان سوئاللارغا كەينىنى قىلىۋالدى. بىرلىككە كەلمىگەن سىستېمىسىز پائالىيەتلەرنىڭ خەلققە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈزۈل-كېسىل بولمايدۇ.

مانا ئەمدىلىكتە بۇ ئۇدۇم بىزنىڭ زىيالىيلارغا مىراس قالدى. ئىلمىي ئىشلاردا ئۇلاردا ھەمكارلىق بولمىدى. مەلۇم بىر ئىلمىي تەشكىلات، ئىلمىي جەمئىيەت ئۇلارنى تەشكىللىمىسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئاڭلىقلىق بولمىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەمەننالىق ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا يول قويمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يېڭەلمىدى. سەركە بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلىرىمىز تولىمۇ ئەركە بوپكەتتى.

بىزدە ئىككى ئاپتورنىڭ نامىدا چىققان كىتاب، ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىش بەك تەس. ھەمكارلىق دېگەن ئۆز نەپسىدىن مەلۇم دەرىجىدە ۋاز كېچىش دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئىلمىي ئىشلاردا ھەمكارلىق بولمىسا نەتىجىنىڭ مۇكەممەللىكىگە تەسىر يېتىدۇ، بۇ، زىيالىيلاردىكى ئىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيىگە شەخسىي خاھىشنىڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى. سىز مەلۇم بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىسىز، نەتىجىسىنىڭ ئىلگىرى سىز پەرەز قىلغاندەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەمما نەتىجە رەقىبىڭىز پەرەز قىلغاندەك چىقىپ قالدى. ئۇ ھالدا سىز قانداق قىلىسىز؟ ئۇنى قوبۇل قىلامسىز ياكى رەت قىلامسىز؟

بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىز ئېتىراپ قىلىشمۇ يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە تەن ئالمايدۇ. بىزدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ماگىستىرلارمۇ بوپتىكەنغۇ؟

ئىلمىي پوزىتسىيىدە نىيەت چوقۇم دۇرۇس بولۇشى كېرەك. نىيىتى ئەگرى كىشىلەرنىڭ ئىلىملىك بوپقېلىشى بىر ئاپەتتۇر. ئۇلارنى شەيتان دېسە بولىدۇ. ئېيتىلىشىچە، شەيتانمۇ پەرىشتىلەرنىڭ سەردارى، ئەڭ ئالىمى ئىكەنمىش، ئەمما ئۇنىڭ بىلىمى ئاسىيلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

شەرق ئەدىيە تارىخىدا ئابستراكت تېمىلاردىكى بەھس-مۇنازىرىلەر ھامان كونكرېت-ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى بەھس - مۇنازىرىلەردىن كۆپ بوپكەلدى. «قۇرئان» يارىتىلغۇچىمۇ ياكى ئاللانىڭ سۆزىمۇ؟ دېگەننى ئىسلام ئالىملىرى 800 يىل تالاشقانىكەن. ئاللانىڭ زاتى قانداق؟ ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان جەننەتتىكى ئۆستەڭ قانداق ئۆستەڭ؟ مەسچىتتە پەيدا بوپقالغان تەرەت قايسى پەرىشتىنىڭ؟ دوزاق نېمىشقا يەتتە، جەننەت سەككىز؟... دېگەندەك، جاۋاب بېرىلىشىمۇ ھېچقانداق مەسىلە ھەل بولمايدىغان تېمىلارنى شەرق ئالىملىرى زېرىكمەستىن مۇلاھىزە قىلدى. جالالىددىن رۇمىي، مۇھەممەد غەززالىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى موڭغۇللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئۇنچىۋالا زۆرۈر بولمىغان تېمىلار ھەققىدە بەھس - مۇنازىرە قىلىشىپ، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك توۋلىشىپ، بىر-بىرىگە ھۆرپىيىشىپ يۈرۈشمەكتە.

بىزدە بىرەر چېكىت - پەشنىڭ خاتا كەتكەنلىكى، مەلۇم يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسىنىڭ غەلىتە بوپقالغانلىقى، گۈڭگا شېئىرچىلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، مەلۇم شېئىردىكى قاپىيىنىڭ ئاچ ياكى توق بوپقالغانلىقى، كىشىلەرنىڭ شېئىر ئوقۇماس بوپقالغانلىقى... دېگەندەك توخۇ تۈكى تېمىلار ئۈستىدە ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىن بەھس - مۇنازىرىلەر بوپكېتىدۇ. شائىر-يازغۇچىلىرىمىز مەلۇم بىر شېئىر، نەسىر ياكى ھېكايىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن شەھەر، ۋىلايەت ئاتلاپ كېلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىشىدۇ، تەرلەپ - پىشىپ قايىنىشىدۇ. ئۇلار رېستورانلاردا شۇلارنىڭ ھۆرمىتى شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەتلەردە گۆشلەرنى چالا غاجىشىپ، رومكىلارنى سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەن چاغدا، يىگىرمە يەن كىتاب پۇلىسى بولمىغاچقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كېرىيىلىك بالىدەك (نۇرمۇھەممەت توختى: «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سان) مىڭلىغان باللار، كۈنلۈك كىرىمى ئىككى يۈەنگە يەتمەيدىغان دېھقانلار، كوچا-كويلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقان بىچارىلەرنى ئۇلار ئويلاپمۇ قويامدۇ؟ ئۇلار شېئىر، نەسىرنىڭ، يەنە بىرنېمىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايغۇرۇۋاتقاندا، چۈشكۈنلىشىۋاتقان مىللىي ئەخلاق، يوقىلىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت ئۇلارنىڭ ئېسىگە كېلەمدۇ؟ مەلۇم بىر كىنودىكى ئارتىسنىڭ چاچ پاسونىنىڭ ئوخشىمىغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ ئىشتىنى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ماس كەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، ناخشىچىلارنىڭ ھىندىستان ناخشا ئاھاڭىغا ناخشا ئېيتىپ سالغىنىدىن رەنجىپ، يەنە مەلۇم نېمىلەر ھەققىدە ئاھ ئۇرۇشۇپ يۈرگەندە، قۇرۇپ كېتىۋاتقان تارىم دەرياسى، كارىزلار، يوقىلىۋاتقان توغراقزارلىقلار ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقارمۇ؟ يىمىرىلىۋاتقان مىللىي ئىگىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ مائاشى، ئۇنۋانى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟!

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ:

بۇگۈن قىلىسىمۇ-قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلار بىلەن، بۇگۈن قىلمىسا زادى بولمايدىغان ئىشلارنى چوقۇم پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بىر ئادەم يۈرەك كېسىلى، رېماتىزم، قىچىشقاق. . . دېگەندەك تۆرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بوپقالغاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنى داۋالىماي، قىچىشقاققا دورا سۈركەپ يۈرۈش ئەخمىقانىلىق ئەمەسمۇ؟ ئوت كەتكەندە ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش ئوت ئۆچۈرۈش. ھازىر ھەممە ئادەم «119» غا تېلېفون بەرگىلى بۇگرەيدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ئادەم بولسىلا كۇپايە.

بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز بىر ئۆمۈر تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتنى قىلىپ بولالماي ئۆلۈپ كېتىشمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزىگە ئورۇنلاشتۇرغان خىزمىتى، پىلانى يوق. ئۆزىنىڭ پىلانى يوق ئادەم باشقىلارنىڭ پىلانىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش تېمىسى، نىشانى بولمىسا ئۇنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوردا ئۆلىمالىرىدىن نېمە پەرقى؟ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قىممىتى ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ مىقدارى بىلەن ئەمەس، ياراتقان تۆھپىسىنىڭ مىقدارى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

قىسقىسى، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنى خەلقپەرۋەرلەردىن ھېسابلىسا، چوقۇم بىھۇدە ئۇقۇم ـ نەزەرىيىلەر دۆۋىسىدىن چىقىپ دىققىتىنى كونكرېت ـ ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىشى، ھەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. خەلق دەل مۇشۇنداق زىيالىيلارغا موھتاج.

## 10. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى زىيالىيلىق ئوبرازى

شەرقلىكلەر ئۈچۈن ئاقىللار ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر. ئاۋام ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ، ئىش-ھەرىكەت، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئۇلاردىن ئۈلگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، شەرق زىيالىيلىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ تولىمۇ ئىنچىكە، تولىمۇ قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى خەلق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ـ تەرغىب قىلغانلىرىدىن ئۇلارنى بىلىم ۋە ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن زاتلار دەپ قاراپ، ئۆز قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئۇلارغا ئورۇن بېرىدۇ ـ ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ دېگىنىگە خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى كۆرسە ، مەيلى ئۇلارنىڭ دېگىنى قانچىلىك ئۇلۇغ ھېكمەت ـ ھەقىقەت بولسۇن، ئۇنى ئۆز قەلبىدىن سۇپۇرۇپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەرغىباتى دەرھال ئۈنۈمىنى يوقىتىدۇ.

بۇنىڭدىن زىيالىيلىرىمىزغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ زىيالىيلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، خۇلقى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. روشەن بولۇپ تۇرۇپتۇكى، زىيالىيلار قوش ئۆلچەم (يەنى بىلىملىك بولۇش ۋە ئادەم بولۇش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت) گە لايىقلىشىشى كېرەك.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ھەممە ئىنسانغا ئورتاق مەسىلىلەرمۇ، كەسىپ، سالاھىيەت، ئورۇننىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت پەرقلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئايرىم شەخسلەرگىلا تەۋە مەسىلىلەرمۇ بار. مەن پۇتبولغا قىزىقسام، باشقىلارنىڭ قىزىقمىغىنىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشۈم ئارتۇقچە. ھۆسن خەت يېزىشقا قىزىقسام، باشقىلارنىڭ ھۆسن خەت ھەققىدە ئېيتقان تاققا-تۇققا گەپلىرىگە چىدىشىمغا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، ئۆزۈمنىڭ قىزىقىشىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭالمايمەن. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولمىغان ئادەتتىكى بىر دەرس ئوقۇتقۇچىسىغا 100مېتىرغا يۈگرۈش سۈرئىتىڭنى 12سېكونتقا يەتكۈز دېگىلى بولمايدۇ. بۇ تەلەپنى قىسقا ئارىلىققا يۈگرەيدىغان تەنھەرىكەتچىلەرگە قويۇش كېرەك. لېكىن ئادەم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يارالغان؟ ئادەمنىڭ ياشاش مەقسىتى نېمە؟ دۇنيا قانداق پەيدا بولغان؟ باش-ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەندەك پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ھەربىر ئادەم چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئاللاردۇر. پىرىزىدېنتتىن قەلەندەرگىچە، پەيلاسوپتىن باققالغىچە، زىيالىيدىن موللامغىچە. . . ھەربىر ئادەم بۇ سوئاللاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئادەم بولۇش يولىدىكى ئەڭ ئەقەللىي بولغان ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش، ئۆزىنى ئادەم ھېسابلايدىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر.

پاۋېل جونسون ئۆزىنىڭ «زىيالىيلار» دېگەن كىتابىدا بىر قىسىم مەشھۇر زىيالىيلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەپسىلىي تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: زىيالىيلار ئىچىدىكى داھىي سۈپەت زاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلارنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى جاكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئابستراكت ئادەملەرنى سۆيىدۇ، رېئال تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەملەرنى سۆيمەيدۇ. ئۇلار ئىنسانلارغا گۈزەل جەمئىيەتلەرنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ، ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى كۈچەپ تەكىتلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇشتا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرى تولىمۇ شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر.

رۇسسو ئۆزىنى مۇھەببەت ئۈچۈن تۇغۇلغان، دەيدۇ. ئۇ «ئىنسانلارنىڭ دوستى». بىراق ئۇ تولىمۇ ۋاپاسىز، تۇزكور. ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئاپىسى (ھەم ئاشنىسى) ئاز دېگەندىمۇ ئۇنى تۆت قېتىم قۇتقۇزۇۋالغان، بىراق ئۇ كېسەل بوپقالغاندا رۇسسو ئۇنىڭ يېنىنىشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان، ئۆلۈپ كېتىشكە قاراپ تۇرغان. ئۇ ئۆزىنى «مەندىنمۇ

مېھرىبان دادا يوق» دېگەن، لېكىن ئۆزىنىڭ بەش بالىسىنى يېتىملەش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىپ كارى بولمىغان. تولىستوي «مۇھەببەت» كە ئېتىقاد قىلىدۇ، بىراق ئۇ كەم تېپىلىدىغان «شەخسىيەتچى». ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىلا بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ باشقىلارنى مەن ئۈچۈن ياشايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ بىر كونكرېت ئادەمنى سۆيۈپ باقمىغان (ھەتتا ئۆغۇللىرىنىمۇ). ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان، كۆيۈنۈپمۇ باقمىغان. سەكراتتىكى ئىنىسىنى يوقلاپمۇ قويمىغان. . . بۇ زىيالىيلار ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ئاياللارنى جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇدىغان سايمان دەپ قارىغان. سارتىري: «ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان قىزلارنىڭ پۇراقلىق ھوجرىلىرىدىكى مەركىزىي شەخس بولۇشنى ناھايىتى ئۈمىد قىلغان»، ھەمراھى پۇفۇۋا (ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى. — مۇھەررىردىن) نىڭ ياردىمىدە نۇرغۇن 16 — 17ياشلىق قىز ئوقۇغۇچىلارنى كەلتۈرگەن. سەمىمىي دېيىلىدىغان رۇسسېلمۇ «قېرىغىنىغا باقماي، ئۆزى ئۈچراتقان ھەرقانداق بىر يوپكىلىقنى قوغلىشىپ يۈرگەن». ھېمىڭۋايمۇ ئۆزىنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىق نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئاياللارنى كەلتۈرۈۋالغان. . .

بۇنىڭدىن ئادەم بولۇشنىڭ بىلىملىك بولۇشتىن قىيىن ھەم مۇھىملىقىنى بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئەخلاقسىز، چاكىنا، نامەرد، دېگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغان يۈزسىز بىلىملىك زاتلاردىن بوپقېلىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. روشەنكى، پىكىرگە ئەمەل قوشۇلمىسا نەتىجىسى نۆل بولىدۇ. گەرچە بىر زىيالىي تولىمۇ بىلىملىك بولسىمۇ، لېكىن ئادەمگەرچىلىكىنىڭ تايىنى يوق، پەسكەش، ماز ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرچىلىكمۇ ئابرويى بولمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى لەنەت تۈۋرۈكىگە (قەلبىدە بولسىمۇ) مىخلايدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن بىرەيلەن: قانداق كىشىلەرنى بىلىملىك، دەيمىز دېگەندە، ئۇ زات: قانچىلىك بىلسە، شۇنچىلىكگە ئەمەل قىلغان ئادەمنى، دەپ جاۋاب بەرگەنمىش.

ئەلۋەتتە، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇ پەرىشتە ياكى پەيغەمبەر ئەمەس، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كەمچىلىك — خاتالىقلار، ئاجىزلىقلار ساقلانغان بولىدۇ. ئادەمگە ئادەمگە قارايدىغان كۆزدە قاراش، مۇئامىلە قىلىش كېرەك. لېكىن ئادەملەردىكى خاتالىق بىلمەسلىك، ئۇنتۇش دېگەندەك سەۋەبلەردىن بولماي، مەقسەتلىك سادىر بولسا ھەم ئىزچىل تەكرارلانسا، ئۇ ئالالماچان ئەپۇ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ، ئۇنى يەنە كەچۈرۈشكە، توغرا چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ كەمچىلىكتىن خالىيلىقىدا ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكىنى تۈگىتىشكە تىرىشقانلىقىدا.

دېمەك، زىيالىيلار ئەڭ ئاۋۋال ئادەم، ئاندىن زىيالىي. زىيالىيلىق ئادىمىيلىكنى ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ئۇنى يېڭى مەزمۇن بىلەن تەمىن ئېتىپ، گۈل ئۈستىگە گۈل قوشىدۇ. خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ «كۆلگە سىيىدىغان» لاردىن ئەمەس، بەلكى ھەقنىڭ ئىجراچىلىرىدىن بولۇشىنى، ھەقىقەتنى تىلى ۋە قەلىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىدە چۈشەندۈرۈدىغان ھازىرقى زامان ئەللامىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## خاتىمە

بەلكىم تۆھپىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگىنىگە بەزى زىيالىيلىرىمىز ئۇۋالچىلىق ھېس قىلغاندۇ، ئەمما مەن ئويلايمەن، مېنىڭ ئۇلارنى ماختىشىم ئارتۇقچە. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئاللىكىملەرگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت. بىزنىڭ يەنە بىر-بىرىمىزنى ماختاپ پەپىلەپ يۈرۈۋېرىشىمىز بىر-بىرىمىزگە قىلىنغان زىيانكەشلىكتۇر. ھەقىقىي پەزىلەتلىك زىيالىي ماختىلىشقا موھتاج ئەمەس.

زىيالىيلار، ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! قاغجىراپ كەتكەن قەلبىڭلەرگە سۇ باشلاڭلار، قۇم باسقان روھىيىتىڭلار كۆكلىسۇن، ئۆلگەن مەردانىلىك تىرىلسۇن. شۇنى بىلىڭلاركى، ۋۇجۇدۇڭلارغا ساپ ھاۋا كىرمىگۈچە سېسىق بۇسلار چىقىپ كەتمەيدۇ.

سىلەر بىزنىڭ يۇلتۇزلىرىمىز، يۇلتۇزلار نۇر چاچالايدۇ، بۇ نۇر قۇياشتىن كەلگەن. نۇرلىناي دېسەڭلار، قۇياشىڭلارنى ئىزدەڭلار!

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

# زېمىنغا تۇتاشقان نىدا



ئابدۇللا تۇردى

ئېسىمنى بىلسەم مۇشۇ سەھرادا ياشاپ كېلىۋېتىپتىكەنمەن. دادامدىن سورىسام داداممۇ مۇشۇ يەردە چوڭ بوپتىكەن. دادامنىڭ دادىسىمۇ، بوۋىسىمۇ، بوۋىسىنىڭ بوۋىسىمۇ مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەنىكەن. مەن بۇ سەھرا ئادەملىرىنىڭ بۇيەردە ياشىغىلى قانچىلىك بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» دېگەن مۇشۇ مۇجمەل سۆز.

بىز يەرشارىدىن تولىمۇ يىراقتا (گەرچە يەر شارىغا دەسسەپ تۇرۇۋاتساقمۇ) - خىلۋەت جىمجىت سەھرايىمىزدا يېگانە ياشىماقتىمىز. يىلبويى ئىشلەيمىز. «باي بولىمىز، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىمىز» دەپ باركۈچىمىز بىلەن تىرىشىۋاتقان بولساقمۇ چاپىنىمىز تېخى تىزىمىزدىن ئاشقىنى يوق. بىز يەرشارىدىن يىراق بىر جايدا بولغىنىمىز ئۈچۈن ئاۋازىمىز مۇشۇ سەھرايىمىزدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. مەركەزنىڭ ھەرخىل سىياسەتلىرى بىزگە ئاڭلانغىنى بىلەن، بىزنىڭ سادالىرىمىز تەكلىماكاننىڭ قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

بىز يەرشارىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭلاۋاتقان بولساقمۇ كۆرەلمەيمىز. تاپىنىمىز ئاستىدىكى يەرنىڭ ئاستىدىن مەنىلىك، ۋەزنلىك ۋە ھېكمەتكە تولغان سادالار كېلىپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى ئاڭلاۋاتقان

سادا

بولساقمۇ، ئۇ ئاۋازلارنىڭ كىملەرنىڭ، قاچانكى ئاۋازلىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايمىز. يەرنىڭ ئاستىدىن يەنە ئانا سۈتىگە ئوخشاش لەززەتلىك بىرخىل ھىدلار كېلىپ تىنىقىمىزغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئاقلىق ئانىمىزنىڭ مېھرىنى ھېس قىلىمىز. بىز يەنىلا قورقىمىز، تىترەيمىز. گويا قىممەتلىك بىر نەرسىمىز كەمدەك تېڭىرقايمىز.

. .

مۇشۇنداق ياشىغىلى قانچىلىك بولغاندىكىن - تاڭ، بىرۋاقىتلاردا يەرنىڭ قەرىدىن بىر سادا كەلدى:

راست، بىزگە پەيغەمبەر كېرەك - پەيغەمبەر سۈپەت زىيالىيلار كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ يولباشچىمىز. ئۇلار بىزنى قۇتقۇزالىشى، توغرىسى بىزگە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك؛ ئۇلار بىزنى يېتەكلەپ ماڭالىشى، قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك چاتقاللىقلىرىدىن ياندۇرۇپ چىقالىشى، بىز ماڭىدىغان توغرا يول (مەيلى ئۇ قانچىلىك جاپالىق بولسىمۇ) نى كۆرسىتىپ بېرەلىشى كېرەك.

بىز ئاخىرى زىيالىيلارنى تاپقاندۇق. بىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىقلىقىمىزنى، بىزگە نېمە بەخت ئەكېلەلەيدىغانلىقىنى بىلگەندۇق. ئاڭلا، زىيالىي! كەلگۈسىدە زىيالىي بولۇپ خىزمەت قىلىشنى ئويلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلار! ئاڭلا، بىزگە زىيالىينىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلدۇرالمىغان «زىيالىي» لار!

شۇ چاغلاردا بىز ئەجدادلىرىمىز ئالدىنىپ كەتكەن خوجا - ئىشانلارنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرىدىن

ھەقىقىي ئېتىقاد ـ ئەقىدىمىزنى يوقىتىپ، بېشىمىزغا چۈشكەن ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر بەخشەندە قىلغان زەئىپ روھ، مەنىۋى قۇللۇق ـ ئەركىنسىزلىك ئىچىدە 20 ـ ئەسىرگە كىرىپ، تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان دۇنيانىڭ ئىلىم-پەن، تەرەققىيات، دېموكراتىيە، ئىنسانلىق ھوقۇقى سادالىرىنى، قوشنىلىرىمىزنىڭ ئازادلىق ـ ھۆرلۈك كۈرەشلىرى ئۈچۈن ياڭراتقان شوئارلىرىنى ئاڭلىيالمايلا يۈرۈپتىكەنمىز. . .

شۇ چاغدا زېمىن ئانىمىز بىزگە تالاي زىيالىيلارنى ـ بىزنى قۇتقۇزغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئاپىرىدە قىلغانىدى. ئۇلار بىزنى مۇدھىش جاھالەتنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن، ياۋۇز نادانلىقنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامراتلىق ۋە قاششاقلىقنىڭ قارا پاتقاقلىق ئازگاللىرىدىن قۇتقۇزۇپ چىقماقچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار بىزنى قۇللۇق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازادلىق ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، ئىلىم ـ ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق نادانلىق ـ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشقا چاقىردى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ روھىيەت ئىنقىلابى بۇرنىمىزغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ يۈرگەن جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ قولى بىلەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى قەتلى قىلدى، زىندانلارغا سالدۇردى، خانىۋەيران قىلدى. . . ئۇلار پەيغەمبەرلىرىمىزنى قەستلىگەن يىللاردا بىز بۇ روھىيەت مۇئەككەللىرىنى ھىمايىمىزغا ئالالمىدۇق. قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن قۇل مىجەزىمىز بىلەن بۇ رەزىللىكلەرگە قول باغلاپ قاراپ تۇردۇق؛ ھەتتا نادانلىقىمىز ـ خۇمسىلىقىمىز تۈپەيلى، بەزىلىرىمىز جاھالەت ھامىيلىرىغا قوشۇلۇپ ئەشۇ پەيغەمبەرلىرىمىزگە چالما كېسەك ئاتتۇق، خورلىدۇق. ئۇلار بىزگە بۈگۈنكى دۇنيانى تونۇتماقچى ئىدى، ئەمما بىز ئۇلارنى تاشلىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۈگۈنكى دۇنيامۇ بىزنى تاشلىۋەتتى؛ بىر قېتىملىق ئىلىم-مەرىپەت ئويغىنىشىنىڭ زور تارىخىي پۇرسىتى كەتتى (مۇھەررىردىن).

زېمىن ئىندا قىلاتتى، بىز ئۇنى قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلايتتۇق، لېكىن ئەقلىمىز بىلەن پەرق ئېتەلمەيتتۇق. بىز شۇنداق ياشاشنى داۋاملاشتۇردۇق. تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە ـ يەرشارىدىن يىراق بىر جايدا تەنھا ھالدا ياشىدۇق، ياشاپ-ياشاپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق. جاھان تېز ئۆزگىرىپ، ئىلگىرىكى نەرسىلەرنى تامامەن چۆرۈۋەتتى. خىلمۇ خىل غەرب ئېقىملىرى ئەتراپىمىزنى قىستاپ كەلدى. تەرەققىيات ئاجايىپ تېزلىشىپ، ئەشۇ تەرەققىياتنىڭ بىر ھاسىلاتى سۈپىتىدە بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنى سەھرايىمىزدا خىزمەتكە چۈشتى. قەلبىمىزدە ئىلگىرىكى نەچچە قېتىملىق پۇشايماننىڭ ھەسرىتى بولغاچقا، ئۇلارنى ئەڭ قەدىرلىك كىشىلىرىمىز سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئىززەتلىدۇق، زور ئۈمىدلەرنى كۈتتۇق. ئۇلار بىزنى يېتەكلەپ ماڭالايدۇ، بىزگە يولباشچى بولالايدۇ، دەپ قارىدۇق. ئۇلارنى مىللەت پويىزىنىڭ پاراۋۇزى ئورنىدا كۆردۇق. ئۇلارنى بىزنىڭ تارىم سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلغان مەدەنىيىتىمىز، ئالاھىدە ئىدېئولوگىيىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزنى كۆڭلىرى ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقان دۇنياۋىيلىشىش ئېقىمىدا ئامان ساقلاپ، زۆرۈر بولسا ئۇنى دۇنياغا تونۇتالايدۇ، دەپ قارىدۇق. ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنى زىيالىي دەپ بىلىپ، زىيالىيغا قارىغان كۆزىمىز بىلەن قارىدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشتى. جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى سەھرايىمىزنى ئىلىم مەشئىلى بىلەن نۇرلاندۇردى. ئۇلار پەرزەنتلىرىمىزنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، ياشاشنىڭ يولىنى ئۆگەتتى. ئىش-ھەرىكەتلىرىدە زىيالىيغا خاس تەسىر بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي زىيالىيلىق بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئەمما بەزىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بىزگە ئەكەلگىنى، بەرگىنى نېمە بولدى؟ ئۇلار زادى قاغجىرىغان سەھرايىمىزغا قانچىلىك ئابىھايات ئاتا قىلالىدى؟

ئۇلارنىڭ بىزگە ئەكەلگىنى پادىچى ئىشتىنى بىلەن بويىۋالغان چاچلار بولدى! ئەدەب-ئەخلاق سورۇنى، خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى دەپ شۆھرەتلەنگەن مەشرەپلىرىمىزگە تانسىنى سۆرەپ كىردى. ياشلىرىمىزنىڭ يانچۇقلىرىدىكى موخۇركىنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قىممەت باھالىق سىگارتلارغا ئۆگەتتى. ئۇلار بىزنىڭ ساددا ۋە تىپتىنچ، نازۇك سەھرايىمىزغا مودىنى سۆرەپ كىردى. ئۇلار سەھرا كىشىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەت قارىشىغا خىرىس ئەكەلدى ياشلىرىمىزنىڭ ساپ ۋە ساددا مۇھەببىتىنى ئالدامچىلىق ـ بۇزۇقچىلىقنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نى-نى گۈزەل قىزلىرىمىز بۇ ئاپەتنىڭ قۇربانى بولدى، زېمىندىكى ئىپلاسلىقلارغا «ئاي گۇۋاھ» بولغان پېتىچە قالدى.

ئۇلار بالىلىرىمىزغا تۇنجى قېتىم سۇغا ئەسكى نەرسىلەرنى تاشلاشنى ئۆگەتتى، بېشىغا بىر نەرسە كىيىۋېلىشنى كونىلىق ۋە خۇراپاتلىق دەپ تونۇتتى. ئۇلار قىزلىرىمىزنى چېچىنى كېسىۋېتىشنىڭ باھانىسىنى ئىزدىشىدىغان قىلىپ قويدى. ئەۋلادمۇئەۋلاد بىر ئۇيدان ئۆسۈپ كەلگەن قاپقارا سۇمبۇل چاچلار ئاتا-ئانىلارنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي «كېپەك بوپكەتتى»، «چىگىچلىشىپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن كېسىلىشكە باشلىدى. ئەشۇ مەسۇم قىزلار چېچىنىڭ چىگىچلەشكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى سادداقەلبىنىڭ ئاشۇ «زىيالىيلار» تەرىپىدىن چىگىچلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمىدى. ئۇچاچلارنىڭ ئورغۇنلىرى بۇدرە قىلىندى، بەزىلىرى ھەتتا سارغىيىپمۇ ئۆلگۈردى. قىزلارئىچىدە كىم شۇنداق قىلالىسا، شۇ، زامانغا لايىقلاشقان بولدى. ئۇنداق قىلمىغانلار ئەشۇ «زىيالىيلار» نىڭ سىڭدۈرگەن ئىدىيىسى بويىچە چەتكە قېقىلدى. گويا ئەشۇ كېسىلگەن چاچلار بىلەن تەڭ ئەجدادلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ دىل رىشتىمىز ئۈزۈلدى.

ئۇلارپەرزەنتلىرىمىزگە ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەشنىڭ ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى

ئەمەس، بەلكى دۆلەت خەزىنىسىدىن بايلىق يۆلۈپ يېيىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى تەدرىجىي شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈۋەتتى. ئۇلار نامراتلىق ۋە قاششاقلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان سەھرا كىشىلىرىمىزگە ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېنىق بىلدۈرەلىشى كېرەك ئىدى.

بىز ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدۇق. بىراق ئۇلار بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى ئاقلىيالمايلا قالماستىن، بەلكى بىزگە تازىلاپ بولالمىغۇسىز مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تۆكۈپ بەردى. ئۇلار بىزگە دۇنيانى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆرسىتىپ، دۇنيانىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرەلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىزگە سەھرايىمىزنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىدى.

بىزنىڭ سۆيۈملۈك سەھرايىمىزدىكى ھەممە نەرسە: توپىلىق يوللار، پاكار كېسەك ئۆيلەر، ھارۋىغا قېتىلغان جىنازىدەك ئورۇق كالىلار، ھاڭراپ يۈرگەن ئېشەكلەر، بالىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۆزىمىزگىچە كىيىۋالغان كونا، ياماق چۈشكەن كىيىملەر... ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئەشەددىي نەرسىلەر بولۇپ كۆرۈندى. ئۇلار بۇ نەرسىلەردىن يىرگىنىشتىيۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. ئۇلار سەھرادا ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىشلەپلا كېتىپ قېلىشتى. ئەمما زېمىن بىلەن چېگرىسىز ياشاۋاتقان سەھرا ئادەملىرىنىڭ ساپ ۋە ساددا - ھەقىقىي گۈزەل روھىي دۇنياسىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار پەقەت مائاش ئۈچۈنلا سەھرايىمىزدا خىزمەت قىلدى، «خىزمەت» ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدى.

ئاڭلا زىيالىي، ئەشۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقان كەلگۈسىنىڭ ئۈمىد ئىگىلىرى، زىيالىي بولۇشنى ئويلاۋاتقان ئۆسمۈرلەر...

سىلەر ئىنتايىن تەستە كىرگىلى ۋە ئوقۇغىلى بولىدىغان ئەشۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئۆزۈڭلارنى، باشقىلارنى، يۇرتۇڭلارنى، دۇنيانى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. ئەمما كەلگۈسىدە مائاش ئۈچۈن «خىزمەت» قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى شورايدىغان پارازىتلارغا ئايلىنىپ قالساڭلار بولمايدۇ. سىلەر ئەقىل - ھوشۇڭلارنى يىغىپ، كاللاڭلارنى ساق تۇتۇپ، ئىرادە ۋە ئەقىدىنى ئۆزۈڭلەرگە ھەمراھ قىلىپ ئوقۇشۇڭلار كېرەككى، غەربنىڭ ھەرخىل قىممەت قارىشى، مودىلىرى ۋە چولپانلىرىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىپ قالساڭلار بولمايدۇ. سىلەر بىزگە ئەكېلىشىڭلار، ئەكېلىشپەرۋەر بولۇشىڭلار كېرەك. سىلەر غەربنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى، تەبىئىي پەن تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئەكېلىشىڭلار كېرەككى، ئۇلار ھەدىيە قىلغان شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرى (بۇ يەردە مەدەنىيەت توقۇنۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نى ئالساڭلار بولمايدۇ. بىزگە دورىيالايدىغان ئەمەس، ئۆگىنەلەيدىغان زىيالىيلار كېرەك.

* * *

ھەدەم يېقىندا يەڭگىپتۇ، خۇشھال بولغىنىم، ھەدەم يېڭى ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە، يېڭى بىر ئېرانىڭ تۇنجى يىلى يەڭگىگەنىدى. ئالدىمدا ئۇنىڭ بىر ئايلىق بولغان بالىسى تۇرۇپتۇ. ئۆزۈمگە ياكى بالىغا دېگىنىمنى ئۇقمايمەن، ئەمما مۇشۇلارنى دېدىم:

سەن بىر ئۈمىد ئۇچقىنى، مىللەتنىڭ ئۇرۇقى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى. بىلەمسەن، سەن تۇغۇلغان ۋاقىتتىن دەل 100 يىل بۇرۇن بىر ئۇيغۇر بالىسى دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. ئۇ، 1930-يىللاردىكى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ يولباشچىسى، خەلقىمىزنىڭ باتۇر-شىجائەتلىك ئوغلى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «تەۋپىق» دەپ ئاتىغانىدى. ئاڭلاۋاتامسەن: «تەۋپىق» دېگەنلىك «توغرا يول تاپقۇچى» دېگەنلىك ئىدى. زىيالىي بولغاندىمۇ ئۆز مەنىسىنى، زىيالىي دېگەن بۇ بۈيۈك نامنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن زىيالىي ئىدى، - مەن سوئال قويدۇم، سوئالىمنىڭ ئوبيېكتىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى، - سەنچۇ؟

- سەنچۇ؟

چۆچۈپ كەتتىم، ئەكس سادا كېلىپ ماڭا سوئال قويغانىدى، مەڭدەپ قالدىم.

-مەنچۇ؟ مەن، مەن زىيالىي بولالارمەنمۇ؟

بوۋاق ئېڭىردى، ياق، زېمىن ئېڭىردى. بوۋاق، ياق، بوۋاق قانداق سۆزلىيەلىسۇن.

زېمىن شۇنداق دېدى:

- بىزگە پەيغەمبەر كېرەك، پەيغەمبەردەك زىيالىي كېرەك، زىيالىيدەك زىيالىي كېرەك!

2001-يىل سېنتەبىر

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن تەبىئەت كەسپى 2000-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M2)

بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئىلىم تۈزۈلمە ئۈنۈم

ئابدۇرېھىم دۆلەت

بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئاكام ماڭا: شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بىر ساۋاقدىشىم ھازىر ناھىيىلىك ماي زاۋۇتىدا كۆمۈر تاسقاۋاتىدۇ، دېگەنىدى. ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، بۇ گەپ ھەققىدە ئانچە ئويلىنىپ كەتمىگەنىمەن. مانا ئەمدى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىزىكا كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىزگە كومپيۇتېر ياكى ئىنگلىز تىلى قوشۇپ ئۆتۈلسە، دېگەن تەلىپىگە ئىنىستىتۇت مۇدىرىنىڭ: ھەرقايسىڭ ئارتۇقچە دەرسنى تەلەپ قىلىپ نېمە قىلماقچىدىڭ، جەمئىيەتكە چىققاندا دەرس ئۆتۈشەلىسەڭلا بولىدۇ، دېگىنىنى، مەخسۇس كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ھەپتىسىگە ئۆتۈلىدىغان 22 سائەتلىك دەرستە پەقەت تۆت سائەتلا كومپيۇتېرغا ئائىت دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقىنى، بىرىنچى يىلى ئۇلارغا پەقەت DOS، Windows98، office2000 لارنىڭلا ئۆتۈلگىنىنى، ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە توك سائىتى كەشىپ قىلغان ئىشچىنىڭ باشلىقىنىڭ باشقا توك سائەتلىرى سېتىلماي قالىدۇ، دەپ قاراپ چۈشۈرگەن بۇيرۇقى بىلەن ئۆزى كەشىپ قىلغان توك سائىتىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولغىنىنى، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىككى يىل ئوقۇپ، ئاران 3-ئوقۇش يىلى 1-مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ئاندىن رەسمىي كەسىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ئاكامنىڭ ھېلىقى گېپىنى قايتا ئويلىدۇم. ئويلىغانسېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىنى، گەرچە ھەممە ساھە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئىشلارنىڭ يەنىلا ئاتام ئېيتقان بايىقى پەيدە كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن دىققىتىم تەبىئىي ھالدا تەبىئىي پەن ۋە ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئويناۋاتقان رولى، تۇتقان ئورنىغا مەركەزلەشتى.

روشەنكى، تەبىئىي پەن تەبىئەت توغرىسىدىكى پەن. كىشىلەر تەبىئىي پەن ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئېچىلمىغان سىرلىرىنى ئاچىدۇ، بايقالمىغان قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، شۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن سايمان - قوراللارنى ئىختىرا قىلىپ، ئۆز

## نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟!

تۇرمۇشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرىدۇ.

تەبىئىي پەننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۇكى، ئۇ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئىنساننى تەبىئەتنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەبىئەتتىن ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا يول ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەت ھەققىدە ئېرىشكەن بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ تەبىئەت ئالدىدا تېخىمۇ تەشەببۇسكار - ئەركىن ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ماھىيەتتە بۇ خىل تەشەببۇسكارلىق ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ كۆچەيگەنلىكىنىڭ ، ئۆزىگە پايدىلىق بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ خىل كۈچىيىش ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىلغار ياشاش ۋاستىلىرىگە، بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولغىنىنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلىدۇ. قىسقىسى، تەبىئىي پەن بايلىقنى ۋاستە قىلىپ، ئىنسان مەۋجۇدلۇقىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

مەن بۇ يەردە تەبىئىي پەننىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت - فونكسىيىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بۇنداق چوڭ تېمىنى يەڭگىللىك بىلەن ئۇنداق ئاسان مۇلاھىزە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ بىر ئايرىم، تەپسىلىي توختىلىشقا تېگىشلىك زور تېمىدۇر.

مەيلى تەبىئىي پەن كۆرۈنەمەس سەييارە - پلانىتلارنى تەتقىق قىلسۇن ياكى دېڭىز ئاستى جانلىقلىرىنى ۋەياكى گېن- ئىرسىيەت، قورال- ياراق، قۇرت- قوڭغۇزنى تەتقىق قىلسۇن. . . ئۇ يەنىلا ئادەمنى مەركەز- مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، ھەربىر تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ئىنسانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئۇلارنى ھازىرقىدىن ياخشىراق ماددىي ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ يادرولۇق مۇھىم مەسىلە تەبىئىي پەننىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش رولى. بۇ جەھەتتە تەبىئىي پەننىڭ رولى ئىجتىمائىي پەنگە قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

مەلۇم جەمئىيەتتە تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنىڭ جۇغلىنىشى شۇ جەمئىيەتتە سانائەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، سانائەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي پەننى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشتا ئىمكانىيەت، مەيدان بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك بۇلار بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۆز ئارا رول ئوينايدۇ. ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى ئالۋىن توفلېر مۇنداق دەيدۇ: «پەن- تېخنىكىنىڭ يېتىلىشى ئۈچ باسقۇچتىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار بىرىكىپ بىر- بىرىنى كۈچەيتىدىغان بىر زەنجىرنى ھاسىل قىلىدۇ. بىرىنچى، ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىجادىي ئىدىيە، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىشى، ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىشى». دېمەك ئاۋۋال ئىجادىي ئىدىيە تۇغۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن تېخنىكا ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىدۇ، ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە كېڭىيىدۇ، بۇ يەنە يېڭى بىر ئىجادىي ئىدىيىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. . . ئەپسۇسكى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بۇلار ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخى يىراق گەپ.

سانائەت ئىنقىلابىدىن ھازىرغىچە بولغان دۇنيا تارىخى بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇدىكى، قەيەردە تەبىئىي پەن تەرەققىي قىلسا، شۇ يەردە سانائەت شەكىللىنىدۇ، قەيەردە سانائەت بولسا، شۇ يەردە ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدۇ، شۇ يەردە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلىدۇ.

سۆزلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىلا سانائەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭدا يەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇستىقۇرۇلمىسى پائال ماسلىشىپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا شۇنىڭغا ماس ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شەكىللەنمىسە، مەيدانغا كەلگەن تېخنىكىلارنى تەدبىقلاشقا سورۇن، شارائىت بولمايدۇ- دە، ئۇ ھېچقانداق ئەمەلىي قىممەت يارىتالمايدۇ.

تۆۋەندە بىز تەھلىلىمىزنى ئاۋۋال جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىگىلىك فورمىسىدىن باشلايمىز:

ئىگىلىك فورمىسى دېگىنىمىز - بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىملەشنىڭ بىر پۈتۈن شەكلى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىز تېپىك يېزا ئىگىلىك ( دېھقانچىلىق) جەمئىيىتى. ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى دېھقانچىلىق قىلىدىغان جەمئىيەتتە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلمايدىغانلىقى، بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتتە سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناسلىرى يەكۈنلىگەن قانۇنىيەت. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ %3تى دېھقان، لېكىن ئۇ يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاشلىق ئېكسپورت دۆلىتى. بىزنىڭ رايونىمىزدا %80 ئادەم يەر تېرىيدۇ، لېكىن دېھقانلىرىمىز ئۆزىنىڭ قورسىقىنىمۇ تۈزۈكرەك باقالمايۋاتىدۇ. ئىقتىساد ئۆگىنىۋاتقان بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، نوقۇل ئاشلىق تېرىشقا تايىنىپ دېھقانلارنى بېيىتقىلى بولمايدىكەن. گەرچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالغان تەقدىردىمۇ ، دېھقانلارنىڭ ئاز- تولا كىرىمى كۆپەيگەن بىلەن ئىقتىسادنى ھەقىقىي يۈكسەلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشقان بىلەن ، ئۇنى ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم كۆپەيمىگەچكە، يارىتىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ئەسلىدىكى ھالەتتىن كۆپ ئاشمايدىكەن ھەم ئېھتىياج ئاشمىغان ئەھۋالدا ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى باھانىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز ئادەم كۆپ يەر تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشى، باشقا دېھقانلار يە ئىقتىسادى زىرائەت تېرىشى ياكى

سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككەن. يېڭى مەھسۇلات ئارقىلىق يېڭى بازار يارىتالىغاندا ئاندىن ئىقتىساد تەرەققىي قىلىدىكەن، بۇغداي، قوناق يېڭى مەھسۇلات بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان تەلەپ ئاشمايدىكەن.

بىز ئۆزىمىزدىكى تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولىمۇ تەكىتلەيمىز. بىراق ئۇ ئىلغار پەن-تېخنىكا، ئۈنۈملۈك ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بىلەن بىرلەشمىسە، بۇ تەبىئىي بايلىقتىن ئالىدىغان ھەقىقىي پايدىنى بىز ئەمەس، بىزدىن سېتىۋالغانلار ئالىدۇ. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرى نېفىت بايلىقى ئەۋزەللىكىگە ئىگە ھەم ئۇلار ھەقىقەتەن باي، ئەمما ئۇلارنىڭ بايلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى قۇدرەتلىك دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. نوقۇل تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىقتىساد تەبىئىي بايلىقنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، ئىقتىساد پەقەت تەبىئىي بايلىق ئاساسىغىلا ئەمەس، مۇھىمى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى كېرەك.

سانائەت چىقىش يولى بولغىنىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ خېمىرتۇرۇچى نېمە؟ ئەلۋەتتە، تەبىئىي پەن. سانائەتنىڭ ئىلغارلىق ياكى قالاقلىق دەرىجىسى، تەبىئىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ شۇ سانائەتتە قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

دېمەك، پولاتتەك يەكۈن شۇكى، تەبىئىي پەننىڭ ئىقتىسادىي قىممەت، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشى ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. ئەگەر تەبىئىي پەننىڭ قولىدىن ئۇنداق قىلىش كەلمىسە، ئۇنىڭ مائارىپتا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگىنىنىڭ، ئۇنى ئۆگەنگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بىر جەمئىيەتتە، تەبىئىي پەننىڭ تېگىشلىك رولىنىڭ جارى بولماسلىقى، تەبىئىي پەننىڭ ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك ياكى ئۇنى ئىگىلىگۈچىلەردىكى ئىقتىدارسىزلىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي پەننىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش سورۇنى بولغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىك فورمىسىدىكى نۇقسانلار تۈپەيلىدىن بولغان بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئۆگىنىشتىن مەقسەت، مائارىپتا تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ياكى ئوقۇغۇچىلارغا نوقۇل قوشۇش - ئېلىشلارنى. . . ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار تۇرمۇشىغا پايدىلىق قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى تەدبىقلاش، يەنى ئەمەلىي ئۈنۈم، قىممەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يۆتكەيلى: قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بىزدە تەبىئىي پەن پەقەت مائارىپقىلا مەركەزلەشكەن، ئۇنىڭ رولىمۇ پەقەت ئوقۇتۇشتىلا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بىزدە ئالىي مەكتەپلەردە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، كومپيۇتېر. . . دېگەندەك تەبىئىي پەن كەسىپلىرىدە مەخسۇس ئوقۇغانلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرس ئۆتەلىسىلا كۇپايە. ئۇلار شۇنىڭغا چۈشلۈق بىلىم ئىگىلىيەلىسىلا تەبىئىي پەن ئۆگەنگەن ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆگەنگەنلىرى بىلەن بەلگىلىك ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى جەمئىيىتىمىزنىڭ قايسىبىر ساھەسىدە ئىشلىتەلەيدۇ؟ بۇنداق سانائەتلەشمىگەن جەمئىيەتتە پەن-تېخنىكا ئىگىلىرىنىڭ سورۇنى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ئىگىلىك فورمىمىز (يېزا ئىگىلىك) نىڭ پەن-تېخنىكىغا بولغان تەلىپىمۇ سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىدەك كۈچلۈك ۋە جىددىي ئەمەس. پەن-تېخنىكا بولمىسىمۇ دېھقانچىلىق يەنىلا جايىدا كېتىۋېرىدۇ. بىزدە تېخى دېھقانچىلىق تېخنىكىلىرىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلمىدى. بىراق سانائەت ئىگىلىكى بولسا، پەن-تېخنىكىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ، پەن-تېخنىكا ئۇنىڭ جېنى.

بىزنىڭ رايونىمىزدا سانائەت ئىگىلىكىنىڭ تېخىچە شەكىللەنمەسلىكى، بىزدە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادتا يۈكسىلەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك فورمىسى، ئىش تەقسىماتى تۈزۈمى دېگەنلەر مائارىپنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئاستىرتىن بەلگىلەيدۇ. چۈنكى مائارىپتا تەربىيە - بىلىم ئالغانلار جەمئىيەتكە چىققاندا، ئۇقمىرىقى سىستېمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەلۇم بىر ئورۇندا ئىشلەيدۇ ياكى ئۆزى ئىش تاپىدۇ. ئەمما مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن، جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ئىقتىدار ئارىسىدا زور پەرق مەۋجۇد بولغان چاغدا، ئۇنىڭ ئون نەچچە يىل ئوقۇغىنىنىڭ ساۋاتلىق بولغىنىدىن ئۆزگە نېمە پايدىسى بولىدۇ؟ شۇڭلاشقا، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتا ئاۋۋال شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.

بىزدە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بىلەن مەكتەپلەر ئارىسىدا بىر ئورگانىك بىرلىك شەكىللەنمىسە، مەكتەپلەردە ئۆگىنىلگەن بىلىم جەمئىيەتتە ئۇچرىغان ھەرخىل مەسىلىلەر (مەيلى ئۇ قانداق مەسىلە بولسۇن) نى ھەل قىلىشتا ئەسقاتمىسا، دېھقانلارنى بالىڭنى مەكتەپكە بەر، دەپ قىستاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ ھەم شۇ جەمئىيەتتە سانائەتلىشىشنىڭ قەدىمى تېزلىشىدۇ.

بىزدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن باشقا يەردە خىزمەت تېپىلمايدۇ. شەخسلەر قۇرغان شىركەت-زاۋۇتلار يوق ھېسابتا. پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىمۇ، ئۇنى ئىشلىتىدىغان زاۋۇت-كارخانا يوق دېيەرلىك.

بىزدە كەشپىياتچىلار خېلى نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسمى قامۇسقا كىرگەندىن باشقا ، ئۆزى قانچىلىك ئىقتىسادىي قىممەت ياراتالىدى؟ ئۇنىسى نامەلۇم. بىزدە دوكتور مەيدانغا

كەلگەندە، بىزدىمۇ دوكتور بار بولدى، دەپ دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتقانىدۇق. ئەمما بۇ دوكتور - ماگىستىرلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمە پايدىسى بولدى؟ ئۇلار هازىر نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە تەتقىق قىلىپ، قانداق نەتىجە ياراتتى؟ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا قانچىلىك پايدىسى بولدى؟ . . .

ئۇلارنىڭ كېچە-كۈندۈز دېگىدەك تىرىشىپ ئىرىشمەكچى بولغىنى ئەلۋەتتە دوكتورلۇق قالپىقى ئەمەس. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەردىكى ھەرخىل تەكلىپلەرنى رەت قىلىپ، ئۆز خەلقىنى دەپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن، شۇنداق ئادەملىرىمىزنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلەنگەنىدۇق. ئۇلار بەلكىم پەقەت ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈپ، يىلدا بىر - ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئوقۇمىغان بولغىيتتى؟! گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىمى بولغىنىنىڭ دېگەندەك پايدىسى بولمىدى.

ئالماشتۇرۇش شەكلىدىكى سودىنىڭ بارغانسېرى نارابىلىشىۋاتقانلىقى، ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتمۈشتە ۋەيران بولىدىغانلىقى هازىر ئاساسەن ھەممىگە ئايدىڭ بىر پاكىت. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى ئىشلەپچىقىرىش دەل سانائەتلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشتۇر. دېمەك بىزدە تەبىئىي پەن تەرەققىي قىلمىسا، شۇنىڭغا لايىق هالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمۇ ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئۇيغۇرلاردا ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى خام خىيال بوپقالىدۇ. ئادەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتى مائارىپ ئىسلاھاتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە هازىر تەكىتلىنىۋاتقان ساپا مائارىپى دەل ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىشقا كەڭ كۆلەمدە تەدبىقلانسا، تېخنىكا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستېمال قىلىنسا ھەرقايسى ساھەلەردە تېخنىكىغا بولغان ئەمەلىي تەلەپ كۆچىيىدۇ، تەبىئىي هالدا تېخنىكىلىق مەھسۇلات، تېخنىكىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بازىرى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجمۇ كۆچىيىدۇ.

هازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىگىلىك فورمىسى بىزدە تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغا بولغان بازارنىڭ بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىزدە بەش يىل كومپيۇتېر ئۆگەنگەن ئادەمنىڭ كېيىن قىلىدىغان ئىشى خەت بېسىش ياكى جەدۋەل تۈزۈش. ئۇنىڭ ئالاھىدە پروگراما تۈزۈش تالانتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ تۈزگەن پروگراممىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن قانچىلىك ئادەم ئىشلىتىدۇ؟ دېھقانلارغا كومپيۇتېر بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئىدارىلەردە خەت بېسىش، جەدۋەل تۈزۈشنى بىلسە كۇپايە. دېمەك ئېھتىياج بولمىسا، ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭمۇ ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ.

بۇ يەردە ئېھتىياج دېيىدىغان سۆز چىقىپ قالدى، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتەيلى: ئېھتىياج زۆرۈر نەرسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان تەقەززالىق. ئېنىقكى، ئۇ، يوق نەرسىلەرگە نىسبەتەن شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭغا ئېرىشكەندىلا قانائەت تاپىدۇ. ئېھتىياج ھەرقانداق نەرسىدە بولىدۇ ھەمدە ئۆزى مەۋجۇد شەيئىينىڭ ھەرىكەت نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ھەرىكەت، ئېھتىياج بەلگىلىگەن نىشانغا يۈزلىنەلمىسە، ئۇ بىھۇدىلىك بىلەن تۈگەللىنىدۇ، مەزكۇر شەيئىينىڭ تەرەققىياتى، مەۋجۇدلۇقى هالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، مەلۇم بىر شەيئىيدە بىرنەچچە خىل ئېھتىياج بىرلا ۋاقىت، بىرلا زاماندا تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىرى ئاساسلىق ئېھتىياج بولىدۇ. ئۇنىڭ تەقەززاسى باشقىلارنىڭكىدىن جىددىي-تەخىرسىز بولىدۇ، ئۇ قاندۇرۇلمىغاندا، باشقىلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مەزكۇر شەيئىيگە ئەمەلىي پايدىسى بولمايدۇ.

هازىر ئۇيغۇرلار نېمىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق؟ مېنىڭچە، بۇ دەرھال جاۋاب بەرمەك ئەڭ قىيىن سوئاللارنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە، ئوخشىمىغان كىشىلەر ئوخشىمىغان جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن ئويلايمەن، هازىر ئۇيغۇرلار ئەمەلىي ئۇنۇمگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق. مەيلى ئىقتىسادىي ساھەدە ياكى مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدە، ئىجتىمائىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە بولسۇن، ئەمەلىي ئۇنۇم ئەڭ مۇھىم. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى رېئاللىقى بەلگىلىگەن. هازىر كەسىپ تاللاۋاتقانلار ياكى تاللاپ بولغانلار بولسۇن، چوقۇم بۇنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۆزى قىزىققان نەرسىلەرگىلا ئېسىلىۋالماي، ئېھتىياجنىڭ تەقەززاسى بويىچە تاللىشى، ئەمەلىي ئۇنۇمنى ئاساس قىلىشى كېرەك. مېنىڭ بۇ يەردە تەبىئىي پەننى تەكىتلىشىممۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇم يارىتىش رولىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن.

بىر جەمئىيەت، بىر مىللەت چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا، تەقدىرىگە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئەمەلىي جاۋاب بېرىشى، ئۆز رېئاللىقىدىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلىنىشى لازىم. دەۋر، رېئاللىق سورىغان سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەقىقىي ۋىجدانسىزلىقتۇر.

بىزنىڭ ئەڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىمىز قاندۇرۇلماي تۇرۇپ، «قۇتادغۇبىلىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «12مۇقام» . . . لار ئۈستىدە بەس-بەستە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ، بۇھەقتە توم-توم كىتابلارنى يېزىشنىڭ، ناخشا-ئۇسسۇلچى، سېھىرگەرلەرنىڭ شان-شەرەپ قۇچۇشلىرىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ بۇلار بىلەن ئۇيغۇرلاردا قايسى رېئال مەسىلە ھەل بولدى؟ دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتىمۇ؟ ئىقتىساد گۈللەندىمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتى بارغانسېرى ساغلاملىشىپ كەتتىمۇ؟ . . .

دۆلىتىمىز 15 يىللىق جاپالىق سۆھبەت مۇساپىسىنى بېسىپ، ئاخىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ( WTO ) غا كىردى. دۆلىتىمىز بۇنىڭغا كىرىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى بولدى، ئەلۋەتتە بۇ ئىدېئولوگىيە، قىممەت قاراش ۋە ھوقۇقتىكى بەزىبىر بەدەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. بىزمۇ دۆلىتىمىزگە ئەگىشىپ WTO غا كىرگەن بولدۇق. بۇ ئۆزگىرىش بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ تېخىمۇ رەھىمسىز، ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىدىن ، يىغلاۋاتقانلارنىڭ يىغىسىنى، ئاھ ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئاھىنى ئاڭلاشقا ئادەم تاپقىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ كەڭ رايونىمىزدىكى مەۋجۇد ئىگىلىك فورمىلىرى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىشتىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ مۇستەبىتلىك ئورنىنى شەھەرلەردىلا ئەمەس، كەڭ يېزىلاردىمۇ، دېھقانچىلىق ساھەسىدىمۇ تەختتىن چۈشۈرۈشتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادقا ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ ئازىيىشى كېرەكلىكىدىن، دېھقانلارنىڭ كەتمەنگە باغلانغان بىچارە تەقدىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئەركىن ئىگىلىككە قويۇۋېتىشتىن (ھېچبولمىسا تەدرىجىي) دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا يەنە بۇ مائارىپنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار مەيلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسۇن ياكى ئۆتەلمىسۇن، ئۇلارغا جەمئىيەتتە جېنىنى باقالىغۇدەك بىرنەرسە ئۆگىتىشى كېرەكلىكىدىن ، ئالىي مەكتەپلەر نوقۇل كىتاب ئوقۇتۇدىغان ئورۇنلا ئەمەس، پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن بولۇشى كېرەكلىكىدىن، پەن-تېخنىكىنىڭ خۇسۇسىيلارغا تېخىمۇ يۈزلىنىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. . . دېمەك، دېرەك بېرىدىغان ئىشلار شۇنداق نۇرغۇن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىزدە تېخى ھېچقانچە تەييارلىق يوق. بىز ھەمىشە ھىندىستان كىنولىرىدىكى ساقچىلاردەك بىرقەدەم كېچىكىپلىۋاتىمىز (بۇنداقتىمۇ خېلى بالدۇر كەلگەن ھېسابلىناتتۇق). تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، بۈگۈنكى بىر قەدەم كېچىكىش كەلگۈسىدىكى مىڭ قەدەم، ئونمىڭ قەدەم كېچىكىشكە سەۋەب بولىدۇ. بىز بۈگۈنكى مۇشۇ بىر قەدەم ئۈچۈن تېخى كەلگۈسىدە قان-ياشلىق بەدەللەرنى تۆلەيمىز.

بەزىلەر WTO كىرىش پۇرسەت ۋە خىرىسنى تەڭلا ئەكېلىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ، ئەمما مېنىڭچە، خىرىس كۆپرەك. ھازىرقى زاماندا پۇرسەتنى تۇتۇشقىمۇ ئىقتىدار كېتىدۇ. بىزنىڭ مەيلى تىجارەتچىلىرىمىز ياكى ستودېنتلىرىمىز ۋەياكى كادىرلىرىمىز بولسۇن تېخى بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرغىدەك ياكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالىغۇدەك ساپا-ئىقتىدار ھازىرلاپ بولالمىغان.

بىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ پەقەت ئۆزىمىزدىنلا دېرەك بېرىدىغان مەۋجۇدلۇق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا بىز باشقىلارنىڭ شاپائىتى، خەيرىخاھلىقىدا ئەمەس، ئۆزىمىزگە تايىنىپ تۇرۇپ بارلىق ئىرادىسىزلىكنى، بارلىق بىخۇدلۇقنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق مەۋجۇد بولۇشىمىز كېرەككى، شۇندىلا كەلگۈسى تارىخ بىز ئۈچۈن بىرەر ئابزاس، بىرەر سەھىپە ئاجراتسا ئەجەب ئەمەس.

بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئەسىردىكى مەۋجۇدلۇقىنى ھېكايە-رومانلار، شېئىر-نەسرلەر، مەسەل-ماقالىلەر ھەققىدە قايناپ-قىزىشىپ تۇرۇپ قىلىشىدىغان ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە، بايلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ قوغداشتەك تارىخىي ۋەزىپىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسىردە بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم كىشىلەر، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىشىلەر يەنىلا مۇسابايوفلار جەمەتىدىكىدەك كىشىلەردۇر. شۇندىلا مەمتىلى ئەپەندىدەك، مۇتائالى خەلپەتتەك كىشىلەرگە پۇرسەت بولىدۇ.

ئىندىئانلار شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمىدى. مايالار، ئازتېكلار، ئىنكالار ئاجايىپ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى، ئۇلارمۇ يوقالدى. بىزنىڭ كرورەن، ئىدىقۇت مەدەنىيەتلىرىمىزمۇ يوقالدى. تارىخ بىزگە شۇنداق ئۇقتۇرىدۇكى، مەدەنىيەت كاپالەتكە موھتاج.

توغرا، بىر مىللەتنىڭ خەلقئارادا تونۇلغان ناخشا-ئۇسسۇل، تەنتەربىيە چولپانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مىللەتتە پات-پات ئىلمىي-ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن. خېلىمۇ خىل مۇكاپاتلار تەسىس قىلىنغان بولۇشىمۇ، مەشھۇر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۈگۈنكىدەك بىر دەۋردە، مەزكۇر خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، پەن-تېخنىكا قاتلىمى بولمىسا ، مەنىۋىيىتىدە يۆلەنگۈدەك ئېتىقادى، ئاساسلانغىدەك پەلسەپىسى بولمىسا، يۇقىرىقى نەتىجىلەر بۇ خەلققە ئاز-تولا تەسەللىي، خۇشاللىق، ئۈمىدتىن ئۆزگە ھېچنېمە ئەكېلەلمەيدۇ. خەلقنىڭ ھالى ئاۋۋالقىدەك تۇرىدۇ، بېشىدا تۈگمەن چۆرگىلەۋېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي ساۋاقلىرىنى «ئارمان بار، دەرمان يوق» دېگەن ماقالىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن . دەرمان دەل ئەمەلىي ئۈنۈمدە.

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# «بەر» دىدى سۇبھان بېرىۋەتتى سۇلتان

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

200 سوم بەك جىددىي لازىم بوپقالدى. مائاشىم چىقىدىغانغا يەنە بەش - ئالتە كۈن قالغانىدى. قانداق قىلسام بولار؟ خىزمەتداشلىرىمدىن سورىسام، ھەممىسى تىلىنى بىر قىلىۋالغاندەك: «ئاي ئاخىرى بوپقالدى، قولدا پۇل قالمىدى، ھەممىمىز ساڭا ئوخشاش مائاشنى كۈتۈۋاتىمىز. . . سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ مۇنۇ گەپنى» دەپ ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى

ئەدەبىيات گۈلزارى

جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن، تاماكا توغرىسىدىكى: «ئاي بېشىدا ئۇلاپ چېكىمىز، ئوتتۇرىسىدا توختاپ چېكىمىز، ئاخىرىسىدا سوراپ چېكىمىز» دېگەن قوشاقنى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن: «بوپتۇ» دەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ نەچچىسىدىن سورىدۇم، ئۇلارمۇ: «پۇل يوق، پۇل بولىدىغان بولسا، سىنىڭدەك يېتىم ئوغۇل قېرىندىشىمىزغا ئەلۋەتتە بېرىپ تۇراتتۇق! ئاتاڭنىڭ روھى خوش بوپقالاتتى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئاللا ئىگەم رازى بولغان بولاتتى. . . ئەپسۇس، خاپا بولمىغىن! » دېيىشتى. ھەيرانمەن، ھەممىسى: «پۇل يوق» لا دەيدىكەن، ئۇلار تۇرمۇشنى قانداق قىلىدىغاندۇ؟ ئەلۋەتتە،

رىزقىنىغۇ ئاللا بېرىدۇ، لېكىن «پۇل يوق» دېگەن گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن. . .

ئىلگىرى بوۋام: «ھەر دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ ھەرمىسە سۇبھان، نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان؟ !» دېگەن ھېكمەتنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئېھتىمال، بوۋام رەھمەتلىك بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن. . .

ئەستاغپۇرۇللا! قانداق قىلسام بولار، 200سوم تاپمىسام قەتئىي بولمايدۇ. باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ تۇرمىسام زادى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن بېلەك ئامال يوق. توغرا، شۇنداق قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك. بىراق كىمدىن سوراي؟ سورىدۇم، دەپ ئۇدۇل كەلگەندىن سوراپ يۈرسەم بولمايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر بەك قاقشايدۇ پۇل يوق دەپ. ئۆزۈممۇ ئىسسىق - سوغۇقنى كۆپ كۆرگەن، بولۇپمۇ ئاتام ۋاپات بولغاندىن بېرى ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك يامان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئانچە-مۇنچە چۈشەندىم. مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە بىرەرسىدىن پۇل قەرز سورىسام، شاراقىدە چىقارسىغۇ ياخشى، ئەگەردە: «ئىتتى - مىتتى. . . ئاچام تېخى قىزتى. . .» دەپ سالىدىغان بولسا، ۋاي ئاللا! ئىزادىن ئۆلمىسەممۇ، ئۇنىڭ بېرىسى بولمەن-دە. ياراتقان ئىگەم ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا موھتاج، رەسۋا قىلمىغاي! ئۆتكەندە بىرسى مىڭ سوم پۇل تاپالماي، پەرۋاندەك پىرقىراپلا كېتىپتۇ، بۇ نورمال ئەھۋالغۇ؟ « پادىشاھنىڭمۇ گادايغا ھاجىتى چۈشىدۇ» دەيدۇ چوڭلار. بۇ بەك توغرا گەپ. پەقەت تەڭرى ھەممىدىن بىھاجەت بولغان بىلەن ، ئىنسان دېگەن مۇشۇنداق بىر-بىرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ ئۆتىدىكەن ۋە شۇخىل مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق سىنىلىدىكەن. بۇنداق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغانلارمۇ ناھايىتى ئازبولۇدىكەن.

مەھەللىدە ئىسمىنىڭ كەينىگە «بەگ» قوشۇلمىسى كېلىدىغان بىر باي، ھاجى ئادەم بولۇدىغان. كۆڭلۈم شۇ ئادەمنى تارتىپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ بىرەرسىدىن 200سوم چىقمىغانلىقىغا رەنجىپ، «ئىسسىمىغان كاڭدىن كات ياخشى، ئەسقاتمىغان تۇغقاندىن يات ياخشى» دېگەنىدىم. ئەشۇ ھاجى ئادەمدىن سورىسام چىقىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا كەلسەم، ئۇ ئادەم خۇددى بىر يەرنىڭ بېگىدەك سالاپەت بىلەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىدا كېرىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجى ئاغا، — دېدىم مەن.

ئۇ ماڭا خۇشياقماسلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ھە؟. . . ھە - ھە. . . كەلدىڭما! — دېدى ۋە گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپ قېنىپ بىرنى ئەسنىدى. «بېگىمنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك، بۇ ئادەمنىڭ پۇلى كۆپ، غېمى يوق، بىر-بىرىدىن ئۆكتەم، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بەش ئوغلى بار. ئۆزى ياشانغانسېرى ساغلاملىشىپ كېتىۋاتقان. . . نېمىدېگەن بەختلىك! ئاللا ئىگەم خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدىكەن، خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدىكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىنساننى سىنايدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا بىر ئۈچۈم كىشىلەر، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ قەۋمىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ئەمما پىرئەۋن خانىدانىغا سادىق بولغان قارۇنغا قاراپ «ئى، پەرۋەردىگارىمىز، بىزلەرگىمۇ ئەشۇ قارۇنغا بەرگەندەك ھېسابسىز مال-مۈلۈك، بايلىق بەرسەڭ. . .» دېگەنىكەن. قارۇننى ئەشۇ ھېسابسىز مال-مۈلۈك، بايلىقلىرى بىلەن قوشۇپ يەر يۇتقاندىن كېيىن ، ھېلىقى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز ، بىز ئېزىپتۇق، بىزنى مەغپىرەت قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن بىلگەننى بىز ھەقىقەتەن بىلمەيمىز، بىز پەقەت سەن بىلدۈرگەننىلا بىلەلەيمىز، ساڭا شۈكرى ئېيتىمىز. . . بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن!» دېگىنىچە ئۇدۇل سەجدىگە بارغانىكەن.

بۇ ئادەم پۇلى بولغاچقا، ھەج باھانىسىدا ئاسىيا، ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى قانغۇدەك ساياھەت قىلىپ كەلگەن، جاھان كۆرگەنىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چەت ئەلدە ئېلىپ قويغان بىر تاجىك ، بىر ئورۇس ئىككى خوتۇنى بارمىش. بويى پاكار ، ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىدىغان ، كۆزلىرى چوڭ-چوڭ كەلگەن بۇ ئادەم تېخىچە تاماكىنى تاشلىمىغانلىقى ئۈچۈن مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن : «ھاجى ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇپ قويسىلا بولىدۇ، ئۆزى تاماكا ھاجى» دەپتۇ. ئۇ، «تاس» قىلىپ چەكسە ۋىللىدە قېنى چىقىدىغان 16ياشلىق قىزنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىۋاپتىكەن، مەھەللىدىكىلەر بىلىپ قالغاچقا، ئامال يوق ئۇ قىزنى تالاق قىپتۇ. يامان يېرى، ئۇ قىزنىڭ ئىددىتى توشماي تۇرۇپلا قورسىقىدا بارلىقى بىلىنگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇششۇقلۇق قىلىپ ۋە بۇ ئادەمنى قورقۇتۇپ يۈرۈپ 10مىڭ سوم ئۇندۇرۇۋاپتۇ. . .

— ھە. . . يانچۇقچى. . . جالاپ خوتۇندەك لاغىلاپ يۈرۈۋاتامسەن ياكى بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتتۇڭمۇ؟ مارۇشا قوغلاپ يۈردۈڭمۇيا؟. . . سېنىڭدەك چېغىمدا يەتتە قىزنى تېشىپ بولغانمەن ۋە ئىككى بالىغا ئاتا بولۇپ بولغانمەن!

بۇ ئادەمنىڭ ئاغزى ئەنە شۇنداق يامان ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بىرقىسىم كىشىلەر: «ئۇنىڭ ئاغزى توڭگۇزنىڭ قوڭىدىنمۇ مەينەت! ئىككى تەرىپىگە ئىككىدىن تۆت خىشنى قويۇپ، ئولتۇرۇپ تەرەت قىلسىمۇ بولىدۇ!» دەيتتى. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئاغزى يامان ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ئاۋۋال زۇۋانىدىن قالارمىش. . .

— ئىدارىدە ئىشلەۋاتىمەن ھاجى ئاغا، بىكار يۈرۈشمۇ ئىشمۇ!؟ — دېدىم مەن.

— ئاناڭ تىنچلىقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

- ئاللاغا شۈكرى! - دەپ جاۋاب بەردىم.
- تېخىچە ئەرگە تەگمىدى - ھە ئۇ مەزلۇم.
.. يېشىمۇ بەك چوڭ ئەمەس ئۇنىڭ. ھەي لەقۋا!
ئوغۇلبالا دېگەن ئانىسىنىڭ تول ئولتۇرۇۋېرىشىگە
سۈكۈت قىلسا بولمايدۇ، - دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى
قىلىپ، - بىر يېتىم ئوغۇل قېرى ئانىسىنى يۇدۇپ
ھەرەمگە ئاپىرىپ ھەج تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. بۇنى
كۆرگەن بىر ئادەم: «يارايسەن ئوغۇل، ئاتاڭغا
باركاللا! كۆپ ياشا، بەختلىك بول، ھەر ئىككى
ئالەملىكىڭ ياخشى بولسۇن... لېكىن ئاناڭنى ئەرگە
بەرگەن بولساڭ، تېخىمۇ كاتتا ئىش قىلغان
بولاتتىڭ-دە!» دەپتىكەن، بۇنى ئاڭلىغان قېرى
خوتۇن يەنى ھېلىقى يېتىم ئوغۇلنىڭ قېرى ئانىسى
پاتمىدە يىغلىۋېتىپتۇ-دە: «بۇنچىلىك ئىشنى بىلەمتى
بۇھارىمى!» دەپتۇ... «خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى،
ئەردە بولمىسا گۆردە» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟! ماڭا
قارا... لەقۋا... كۈندە بىر قېتىم: «ئانا، ئەرگە
تەگسەڭ بولمامدۇ؟» دەپ قوي، بۇ ياخشى ئادەت،
ئاناڭنىڭ كۆڭلىمۇ ۋاللىدە بىر ئېچىلىپ
قالىدۇ... ھە... ئاتاڭ ئۆلگىلىمۇ خېلى
بوپقالدى، ھەقىچان ئاناڭمۇ راسا مايسىرىدى، - مەن
ئۇنىڭ گەپلىرىگە يا كۈلۈشنى، يا رەنجىشنى بىلەلمەيلا
قالدىم. ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسى زادى نېمە...
سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتىم.
- شۇنداقمۇ... بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى!
- دېدىممەن ۋە مۇددىئايىمنى ئوچۇق ئېيتىشقا مەجبۇر
بولدۇم، - مۇنداق ئىشتى ھاجى تاغا... ماڭا
200سوم بەك جىددىي لازىم بوپقالدى، ئايلىقىمنى يەنە
بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن ئالىمەن، شۇڭا ئۆزلىرىنى
ئىزدىشىم... ئۆزلىرى مەھەللىمىزنىڭ چوڭ
بايلىرى ۋە ئۇلۇغلىرىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئىمان-ئېتىقادلىق كىشى. ئاغزىدىن چىقارمىغىنى
بىلەن، تالاي ئادەم ئۆزلىرىنى تاغدەك يۆلەنچۈكى
قاتارىدا كۆرىدۇ! ئاللا ئاتا قىلغان مال-مۈلۈك،
پۇللاردىن ئاللا يولىدا سەرپ قىلىپ تۇرسىلا، چۈنكى
ئۆزلىرى ئۈچۈن بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت.
ئەمما شۇ ئايدىك بوپكەتسۇن، مەن ماڭا ياردەم قىپ
تۇرسىلا، دېمىدىم، قەرز بېرىپ تۇرسىلا،
دەۋاتىمەن. ئايلىقىمنى ئالغان ھامان قايتۇرىمەن..

- ئا...ھاي...ي... ئىدارەڭدىن ئېلىپ
تۇرساڭ بولمامدۇ؟
- بولاتتى. لېكىن بۈگۈن كۈنگە شەنبە، ئەتە
يەكشەنبە... ئادەم يوق...
- نېمە قىلىسەنوي ئۇنداق كىرەككە كەلمىگەن
ئىدارىنى!؟ - ئۇ سۆزۈمنى بۆلدى، - ئەسقاتمىغان
ئىدارىنى ئىدارەم بار، دەپ يۈرۈۋەرمەي كاۋاب سات!
ئۆزبەگ، ئۆزخان يور. يېنىڭدىن پۇل ئۈكسىمەيدۇ،
- ئۇ، چىرايىنى تۈرۈپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭمۇ
كىرەككە كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.
- قەرز بېرىپ تۇرامدىلا، قانداق؟! - دېدىم
كەسكىن قىلىپ.
- ھازىر يېنىمدا پۇل يوق... پۇلنىڭ بېشىدا
ئوت كۆيۈۋاتىدۇ ئۇكا! پۇل، پۇل تاپماقمۇ تەسلىشىپ
كەتتى، - ئۇ، شۇلارنى دەپ ئولتۇرۇپ تاماكىسىدىن
بىرتال چىقىرىپ تۇتاشتۇردى.
- ئاۋۇ قەلەندەرنى! - دېدى ئۇ ئېگىز ھويلۇق
بىرسىنى كۆرسىتىپ، - ئۆتۈپ كەتكەن قەلەندەر
بىرنېمىتى ئۇ، كۆزلىرىمۇ قارا چىراغنىڭ يورۇقىدەك
پىلدىرلاپ تۇراتتى، يۈزىدا چىراي، ئاۋارە
بىرمەخلۇقتى... مانا، ئۇنىڭ ھالىنى كۆر،
كىيىۋالغان كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى تېخى... ھۇ
تېگى پەس... بەختى قارا دىۋانە! مەن كۆرمىگەن
كۆتۈك بارمۇ، سىگارىيانى تارتۇق!!...
بوۋام بېشىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ھەمىشە
مۇنداق دەيتتى: ئەي ئوغۇلچىقىم! ئەركەك!
باتۇرۇم، ئارسلىنىم!... سېنىڭ ئوغۇلبالا
بولغىنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن! ئەلۋەتتە، ئاللا
خالىسا قىز، خالىسا ئوغۇل ئاتا قىلىدۇ. بىر
پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىنىڭ ئۆزى ئاللانىڭ
بۈيۈك رەھمىتى بولۇپ، ئالەملەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ
قايتا يارالغىنىغا ئوخشاش كاتتا ئىشتۇر! ئاللاغا
قانچىلىك ھەمدۇسانا، شۈكۈر ئېيتساقمۇ، يەنىلا
ئازلىق قىلىدۇ... قولاق سال ئوغۇلچىقىم! ساڭا
نەسىھىتىم شۇكى، ئاللانى توغرا رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن
ۋە شەك كەلتۈرمىگىن!... ئىنسان ئاجىز
يارىتىلغان. ئۇ ھەرقاچان موھتاج ۋە ھاجەتمەن بولۇپ
ئۆتىدۇ. لېكىن ئاللا بىلەن قەسەمكى، ھەرگىزمۇ
كىشىنىڭ قولىدىكىگە تەلمۈرمە، تەمەخورنىڭ ھامىنى
كۆتى ئوچۇق قالىدۇ. ۋىجدان بىلەن، غۇرۇر بىلەن،
قورقماس يۈرەك بىلەن ۋە تەۋرەنمەس ئېتىقاد بىلەن
ياشىغىن!... ھەرقانداق ئېھتىياجىڭنى ئاللادىن
تىلە ۋە ئۆز كۈچۈڭگە تايان!... ئى، پەرۋەردىگارىم!
مېنى كىشىلەر ئالدىدا سارغىيىپ تۇرۇشتىن
ساقلىغىن. رىزقىمنى زىيادە قىلغىن. ئۆزۈڭ ماڭا
پۇل-مال ۋە خەزىنە ئاتا قىلىپ قالساڭ، ئۇنى سېنىڭ
يولۇڭدا سەرپ قىلىشىمنى نېسىپ قىلغىن...
ئەقلىمنى، ئىلمىمنى، كۈچۈمنى، ئابرويىمنى زىيادە
قىل! تېنىمنى سالامەت، قەلبىمنى پاك، مۇرادىمنى
ھاسىل قىلغىن... دېگىن.
مەن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان ۋە نومۇس
قىلغان پېتى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم. «توشقاننى
قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس». لېكىن
200سوم جىددىي لازىم بوپقالغانلىقى راست. ئۇنى
قانداقلا بولمىسۇن تاپمىسام زادى بولمايدۇ.
ھەقىقەتەن بەك جىددىي لازىم ئىدى.
«بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛
بەرمىسە سۇبھان، نېمىنى بېرىدۇ سۇلتان؟! بوپتۇ!
سۇبھان بۇ «سۇلتان» غا «بەر» دېمىگەنگە ئوخشايدۇ.
ھاجەتمەن مەن بولغاندىكىن، نومۇس قىلىپ خاپا
بولۇپ يۈرمەي ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، يەنە بىر ئامالىنى
قىلىپ تۇراي، ھەل بولۇپ قالار. خىرۇئىن

بەڭگىسگە كۈندە تاماكىسىغا چۈشلۈق 100 - 200سوم تېپىلىپ تۇرۇدىكەنيۇ، ماڭا بۈگۈن كەچكىچە 200سوم تېپىلماسمۇ؟ ھەممىسى ئۆزىنىڭ رىسقىنى يەيدۇ. . .

شۇنىڭ بىلەن: «ئى، پەرۋەردىگارىم، ساڭا سېغىندىم ۋە ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم» دېگىنىمچە مەھەللىدىكى يەنە بىر يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن بايىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بۇ، 30ياشتىن ھالقىپ 40ياشقا قاراپ ماڭغان ھىجايغاق بىر ئادەم ئىدى. مەھەللىدە ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلارغا قارىغاندا، ئۇمۇ خوتۇنىنى ئىككى قىپتۇ. جەنۇبتىن كەلگەن بىر كىشىگە نەق 30مىڭ سوم بېرىپ، ئۇنىڭ 18ياشلىق قىزىنى سورىغانىكەن، ھېلىقى ئادەم رازىمەنلىك بىلەن قىزىنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپتۇ. ئۇ، قىزىنى بېرىپ بولۇپ: «ئۆزى ياش، ئىمان-ئېتىقادلىق، ئوبدان ئادەمكەن، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىكەن، شەھەرنىڭ بىر قانچە يېرىدە قورۇ- جايى بار ئىكەن، پۇلىمۇ بەك جىقكەن. مەن رازى، بالامنىڭ تەلىيى چىقتى! قىز بالا دېگەننى قېرى ئالامدۇ، ياش ئالامدۇ. . . ھەممىسى بەرىبىر ئوخشاش، ئەرگە يارىغانلىقىنىڭ ئۆزى شەرەپ! » دېگۈدەك.

خۇدايا توۋا. . . بۇ خەقلەر قاچانمۇ پۇلغا، خوتۇنغا تويۇدىغاندۇ؟ ! بىر چاغدا بىر جاھان سارىڭى: « ئورۇسلار پۇل تاپسا مونچا بىلەن ھاجەتخانا سالىدۇ، خەنزۇلار پۇل تاپسا يەپ-ئىچىدۇ، ئۇيغۇرلار پۇل تاپسا خوتۇن ئالىدۇ. . . » دېگەندەك بىر گەپنى دەپ يۈرەتتى. ئەۋلىيادەك ئادەمكەن ئۇ. ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولغان قەدىناس، سادىق خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە پاختىلىق ئىشتانىنىڭ ئىچىدە ئوبدان ساقلانغان 18ياشلىق قىزدىن بىرنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان بۇ ھىجايغاق باي يېتىم - يېسىر، ئاجىزلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ دائىم: «جەمەتىمىزدىن بىر مەنلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن راۋۇرۇس كۆتۈرۈلدۈم. مەن كۆرمىگەن ئېغىر كۈنلەر بارمۇ؟ ! ئۇ كۈنلىرىمنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن! . . . خۇدايىم بەرگەن پۇل-مېلىمنى خۇدا يولىدا سەرپ قىلىمەن. ئەگەر ئۆتكەن كۈنۈمنى ئۇنتۇيدىغان بولسام، تۈگەشكىنىم شۇ! » دەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئەشۇ سۆزلىرى سەۋەبىدىنلا ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىم. بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ يېقىن بولۇپ، پات-پات مۇڭدىشىپ تۇراتتۇق. ئۇمۇ مېنى جاپاكەش ئەمما قانائەتچان، بىلىملىك ئەمما ھاكاۋۇر ئەمەس. . . دەپ ، «ۋاي» دەيتتى. ئۇ مېنى«سەن خوراپ كېتىۋاتىسەن! » دەيتتى. ئۇ ماڭا نەچچە قېتىم: «پۇل لازىم بولسا تارتىنماي ماڭا دېگىن ئۇكام! » دېگەنىدى، مەن: « ساڭا ئاللا ئىگەم رەھمەت قىلسۇن، قىيىنچىلىقىم يوق، ئاللاغا شۈكرى! ئاجىز - ئاجىزلەرگە سېخىي قولۇڭنى تېخىمۇ كەڭ ئاچقىن! » دەپ جاۋاب قايتۇرغانىدىم. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن-مىكىن-تاڭ، بىر مەھەللىدە تۇرۇپمۇ ئىككىمىز كۆرۈشمىگىلى بەش-ئالتە ئاي بوپقالغانتى.

- ۋاي ئۇكام . . . ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا سورىغان بولساڭ چوقۇم بېرىپ تۇراتتىم، نېمىشقا بالدۇر مېنى ئىزدىمەيسەن! . . . بار پۇلغا مال ئېلىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ؟ - دېدى ئۇ ھىجىيىپ، - ئاپلا. . . خاپا بولماي، باشقىچىرەك بىر ئامالىنى قىلىپ تۇرغىن ئەمدى. . . راست! ھوشۇر جوھۇتتىن سوراپ تۇرمامسەن؟ ئۇ گەپ يوق بېرىدۇ. . .

- ھوشۇر جوھۇت! ؟ ھېلىقى جازانىخور ھوشۇر جوھۇتنى دەۋاتامسەن؟ ! - دېدىم ھەيران بولغان ھەم چۆچۈگەن ھالدا، - ئاللادىن قورق ھەي ئاكا! ناماز ئوقۇيدىغان، ئىمانلىق ئادەمنىڭ ئاغزىدىنمۇ مۇشۇنداق گەپ چىقامدۇ! ماڭا 200سوم قەرز بېرىپ تۇرۇدىغان ئادەم بولسىلا بولدى. جازانىخورنىڭ جازانىسى بارغۇ، قارا، دوزاقنىڭ ئوتىدەكلا بىرنېمە ئۇ. . . جازانىخورنىڭ جازاسىنى ياراتقان ئاللا ئۆزى بەرسۇن! . . .

- دېگىنىڭغۇ توغرا، - دېدى ئۇ بىر ئىشنى ئويلىغاندەك قىياپەتتە جىم تۇرۇپ كېتىپ، - ناھايىتى ئون پىرسەنت ئۆسۈمغۇ تايىنلىق. پۇل شۇنچىلىك جىددىي لازىم تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئۇنى-بۇنى دەيدىكەنسەن، تەلىپىڭمۇ يۇقىرىكەن. تەرىقەتچى سوپىدەك بولۇۋالغىنىڭ ئۇچۇنلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆتۈرۈلمەيۋاتقان نېمىسەن! ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق زىغىرلاپ يۈرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ! . . .

- سۇبھانالا، - دېدىم ياقامنى چىشلەپ، - نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسەن. . . ئاچ قالغىنىم، يالىڭاچ قالغىنىم، پۈتۈنلەي ئۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغىنىم يوق! 200سوم قەرز ئالاي دېگەن گەپ بۇ. بۇ. . . ئەجەبا، بۇ نورمال ئىشقۇ؟ ! ئادەتتە قوشنىلارمۇ بىر-بىرىدىن ئۆتنە-يېرىم قىلىشىدىغۇ؟ ! كەكە-پالتا، كىر دېسى دېگەندەك نەرسىلەرنى سوراپ تۇرۇدىغۇ؟ ! تونۇشلاردىن نېسىگە بىر نەرسە سېتىۋېلىپ تۇرۇپ، دېگەن قارايىدا پۇلىنى بېرىۋېتىدىغۇ؟ كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئون - يىگىرمە سوم، 100 - 200سوم، ھەتتاكى 5000 - 10000سوم قەرز ئېلىپ تۇرۇدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇغۇ. . . توۋا. . . 200سوم قەرز ئالاي دېسەم ئەجەب بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ-يا. . . ئەگەر 2000سوم لازىم بوپقالسا، ھەقىقەتەن بەكلا چاتاقكەن جۇمۇ؟ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق . . . قېنى ئۇ ھېلىقى ئۆزئارا ياردەم، كۆيۈنۈش، مېھىر-شەپقەت. . . دېگەن ھېلىقى. . . نەرسىلەر. . .

- ئۇكام، مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ تۇرۇقلۇق، سەن مۇنداق ئاددىي مەسىلىلەرنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن. قارىغاندا، پۇلنىڭ قەدرىگىمۇ تېخى ھەقىقەتەن يەتمەپسەن. جاھان قاتتىق ئۇكام، جاھان قاتتىق! بىر چاغلاردا ئۆمەرجان ئالىم دېگەن ھېلىقى دۇتارچى ئادەممۇ بىر ناخشىنى توۋلاپ يۈرمەمتى. . . ھېلىقى. . . «ئەجەب قاتتىق زامان بولدى سەنەمجان» دېگەننى. . . ھە. . . ئويلا! سەن

كىتاب ئوقۇش، بىرنېمىلەرنى يېزىش، تەتقىق قىلىش دېگەنلەر بىلەن، ئىدارىدا ھېچقىز. . . دەك، ئىت - ئېشەكتەك ئىشلەپلا ئۆتمەي، ماۋۇ زاماننىڭ ئېقىمىغىمۇ ماسلىشىپ قويغىن. . . ئاقمايدۇ، ھەممىسى بىكار! مېھىر - شەپقەت؟! ھىم! مېھىر - شەپقەت ۋە يەنە باشقا خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇدايىمدا بولىدۇ! پۇل تاپمىدىڭ - ئەقىل تاپمىدىڭ، دېگەن گەپ! . . .

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ مەغرۇر ئولتۇراتتى. بۇمۇ ئۆزگىرىپتۇ. . . دېدىم ئىچىمدە. ئادەتتە ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىم ئۈچۈن ئالدىدا تاماكا چەكمەيتتىم، شۇتاپتا ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم دەپسەندە بولدى. . . ئاچچىق موخۇركىنى بىر چەككىلى تۇرۇپتىكەنمەن، ئۇ نەچچىنى يۆتىلىپ كەتتى ۋە:

- مۇشۇ ئىشىڭنى تۈزەتسەڭ بولاتتى، ئۇكا. ئادەمگە ئۇچۇق زىيان-دە، مەسىلەن، پۇلۇڭغا، تېنىڭگە. . . - دېدى . ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشنى خالىمىدىم.

- موخۇركا چېكىمەن، - دېدىمەن، - لېكىن بىر ئايدا ئاران ئىككى سوملۇق چېكىمەن. باشقىلار تەڭ چېكىشىپ بەرمىسىلا، كەڭ - كۇشادە يېتىدۇ. . .

- ئۆزۈڭ ياش بولغىنىڭ بىلەن قېرى مىجەز بوپقاپسەن، - دېدى ئۇ ھېجىيىپ. مەن بۇ گەپكە بىرنېمە دەي دېگۈچە، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن:

- سىڭلىڭ چوڭ بوپقاپتۇ، پاكىز، چىرايلىق ھەم كۆزگە يېقىن قىز بوپتۇ. . . ھە. . . ئوقۇتىمەن دەپ نېمىگە ئاۋارە بولىسەن؟ قىز بالا ھەرقانچە ئوقۇسىمۇ. . . ئۇ. . . بىر تىيىن! ئىلزابىت، ساچىرخانىم، تاڭسۇچىلىلەر خانىم. . . دېگەنلەرمۇ كۇندۇزى ھەرقانچە نوچىلىق قىلغان بىلەن كېچىسى ئېرىگە بويسۇنىدۇ! -دېمەسىمۇ. . . مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى-دە، سەكرەپ قوپۇپلا ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغدۇم ۋە بىرنەچچىنى پىرقىرىتىپ، «داد! » دېگۈزۈۋەتتىم. ئاچچىقىم راسا كەپتىكەن، قاتتىق گەپلەرنى قىلىۋەتتىم. ھەتتا ئۇنى: « مۇناپىق» دەپ تىللاپ كەتتىم. . .

- توۋا قىلدىم، خاپا بولما، خاتا چۈشەنمە! - دېدى ئۇ كېكەچلەپ، - پۇل بولسا ئەلۋەتتە بېرىپ تۇراتتىم. . . مۇشۇ «قويمىچى» دېگەنلەر قاچان ئۇندى، شۇنىڭدىن باشلاپ جاھان مۇشۇنداق بوپقالدى. . . ئۇنىڭ ئۈستىگە . . . بىر نەچچە ئادەمگە قەرز بېرىپ قويۇپ ھېلىغىچە ئالالمايۋاتىمەن. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر ئالدامچى 50 مىڭ سوم پۇلۇمنى قويۇۋەتتى. . . ئۇكام، ئويلاپ باقە، پۇل كىمگە ئاچچىق؟! . . .

- نەچچە مىليون سوم پۇلۇڭنىڭ ئالدىدا ئونچىلىك پۇل نېمىتى! ؟ ئۆلۈۋال تويماس. . . ئاللا ساڭا بەرگەندىكىن، ھەددىڭدىن ئاشىدىغان بولساڭ، ئۇنى يەنە ھەرباب بىلەن تارتىۋالالايدۇ! ئېسىڭدە بولسۇنكى، «ئىمانسىزنىڭ ئەدىبىنى دىنسىز بېرىدۇ! » ئۈچ ئوغلۇڭنىڭ كېلەچىكىنى ئويلا. . . سەن يەنە شۇنىمۇ ئويلىغىنكى، پۇلى كۆپ ئادەمنىڭ ھاياتى ھەرقاچان خەۋپلىكتۇر! . . .

كۆزۈمگە بادام دوپپىلىق، يوغان ھەم توم بۇرۇتلۇق، ئۆتۈكمىنىڭ قونجىدىن يوغان پىچىقىنىڭ دەستىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇدىغان، ئىمان - ئېتىقادلىق، مەرد ۋە كەسكىن مىجەزلىك ئاتام كۆرۈنۈپ كەتتى. بوۋام بىلەن ئاتام ئىككىسى ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئوغۇلچىقىم! ناكوسا بىلەن دوست بولما، يېگى بايدىن قەرز ئالما» . . . ئاچچىق موخۇركامدىن بىر تال يۆگەپ ، تازا بىر چېكىۋىدىم، ئاچچىقىم بىرەر قۇر بېسىلغاندەك قىلدى.

دۇرۇس. . . «بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ بەرمىسە سۇبھان، نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان؟! سەۋر قىلاي. ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. تېپىلىپ قالار. ئاللا ئىگەم ئىشىمنى جەزمەن ئاسان قىلىدۇ. كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويمايدۇ. «ئى، پەرۋەردىگارىم! سەن پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ رىزقىنى بېرىسەن، سەن بارلىق مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچىسەن! » دەپ دۇئا قىلدىم ئىچىمدە.

خىيال بىلەن تۇرسام، مەھەللىدىكى باي تۇل خوتۇن خەلىچىخان ھەدەم يېنىمدىلا پەيدا بوپقالدى.

- نېمە بولدى ۋۇيت ساڭا، چىرايلىق ئاشىق؟ غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ. دېگىنە. . . دەردىڭگە دەرمان بولاي! - ئالتۇن چىشلىق، قىزىل يۈزلۈك، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، بېشىدىن ياغلىقى چۈشمەيدىغان بۇ تۇل خوتۇننى ھۆرمەت قىلاتتىم. ئۇ تۇغماس خوتۇن بولغاچقا، بالىسى يوق ئىدى . ئېرى باھاۋۇدۇن ئاكا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ئەرگە تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ يوق، ئۆزى تىكەندەك يالغۇز ئىدى. . . مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن: «بۇ خوتۇن ئۆلسە، ئۇنىڭ قورۇ-جايى، مال-مۈلكى ۋە پۇللىرى كىملەرگە قالار؟ پۇللىرىنى يا ئىشلەتمىگەن. . . گۆرىگىمۇ ئەكېتەلمەس! ئىسكەندەردەك شاھەنشاھمۇ ئۆلگەندە قۇرۇق قول كېتىپتىكەن، دەيدۇ! » دېيىشەتتى. خەق نېمە دېسە دېسۇن، ئىشقىلىپ، مەن ئۇنى ئىپپەتلىك، يۈرىكى دەردلىك بىر مەزلۇمە دەپ چۈشىنەتتىم. گەرچە خەير - ساخاۋەت قىلمايدىغان بولسىمۇ.

- ئېيتقىنە يىگىت! - دېدى ئۇ كۈلۈپ. بۇ خوتۇن كۆزۈمگە شۇنداق ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

- باشقا ئىشقۇ بولمىدى. . . 200 سوم بەك جىددىي لازىم ئىدى دەڭا ھەدە، ئەتە ئەتىگەندە ئىشلىتەتتىم. بىر نەچچەيلەندىن سوراپ تۇراي دېسەم پەقەت چىقمىدى. شۇڭا بۇ جاھان نېمە بوپكەتتى! ؟ دەپ ئويلىنىۋاتىمەن. توۋا. . . كىملا بولسا: «يوق» لا دەيدىكەن. «قەرز» سورىسىمۇ شۇ . «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەن گەپ بار. . . «يوق - يوق» دەۋەرسەك، ھامان بىر كۈنى راستتىنلا يوق

بولمامدۇ؟! يامان بولمامدۇ؟!... قاچانمۇ «بار!» دېيەلمەيدىغان بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلارمىز، ھەدە؟! بىز ھازىر ئۆزىمىزنى بىلمەيۋاتىمىز... خەتەرلىك بىر باسقۇچقا بېرىپ قالغاندەكلا قىلىمىز...

خەلىچىخان ھەدەم گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، قايناپ كەتتى:

— ۋىيەي... توۋا قىلدىم خۇدايىم، توۋا... سەن دېگەن ئەدەب ـ ئەخلاقلىق، ئېتىقادلىق، كىتاب ئوقۇيدىغان، بىرنېمىلەرنى يازىدىغان... ئەمگەكچان ھەم بىلىملىك بىر بالىغۇ؟ ئىدارەڭ، خىزمىتىڭ، ماڭاشىڭ بارغۇ؟ 200سوم قانچىلىك نېمىتى؟! ھەممىمىز ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن، ھەتتا بوۋا-مومىلارنىمۇ كۆرگەن خەققۇ... سەندەك يىگىتكە بېرىپ تۇرمىغان 200سوم ھارام بولىدۇ... راست، بۇ كىشىلەر بەك سەت بۇزۇلدى. كارخانا قۇرغان كاپىتالىست بايلاردىن تارتىپ بىر سومغا ئىككى جۇپتىن پېتەك سېتىپ يۈرگەن ئادەملەرگىچە ھەممىسى: «يوق، يوق، يوق» لا دەيدۇ. توۋا... بېرىپ تۇرسا نېمە بولىدۇ، ئايلىقىڭنى ئالساڭ قايتۇرۇسەنغۇ ئاخىر... خاتىرجەم بولغىن، قەرز ئەمەس، قايتۇرۇمەن دېمىگىن... بولدى، مەن بېرەي! قانچە دېسەڭ بېرەي، سەن رازى بولغۇدەك بېرىمەن... بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۇل لازىم بوپقالسا، ئىزا تارتماي ماڭا دېسەڭ بولىدۇ!— كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ خۇش بولدۇم ۋە: «ئەركىشىدەكلا نوچىلىقى بار خوتۇنكەن بۇ، بىلمەي يۈرۈپتىمەن... ئۇنىڭدا ئەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەلۇم بىر ئەزا يوقكەن، قالغان ھەرقانداق تەرەپتىن ئەرلەرنى بېسىپ چۈشكىدەك» دەپ ئويلىدۇم. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازى بارا-بارا تىترەشكە، تىنىقى ئېغىرلىشىشقا، چىرايى قېنىق رەڭگە كىرىپ، كۈچلۈك بىرخىل تەشنالىق ھېسسىياتى چىرايىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بىرنېمىلەرنى دېگەچ، ئۇ-بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇپ، سىيلاشقا باشلىدى:

— مانا-مانا، پاتاڭ، بىلەك، بەل، پاچاق دېگەنلىرىدىن تونىنا-تونىنا كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىق ھەم كېلىشكەن... بۇقا-دە، بۇقا! بىر كېچىدە 6 ـ 7قەۋەتنى قوپۇرۇپ بولالايدۇ!! ـ ئۇ شۇنداق دېگەچ يوتامنىڭ ئىچ تەرىپىدىن بوشقىنە قاماللىدى. تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى.. قارىسام، ئۇ خوتۇننىڭ ئېقى تولا كۆزلىرى بەئەينى مەجۇن يەۋالغاندەك خۇمارلىشىپ، ئويناپ كېتىپتۇ... ھەيي، بۇ ئادەملەر نېمانداق قىلىدىغاندۇ، نېمانداق قىلىدىغاندۇ!

— سەتلەشمەي، قولىڭىزنى تارتىڭ! كۆپكۈندۈزدە، ئوچۇقچىلىقتا قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى، ئىنىڭىزدەك بالىنىڭ ئالدىدا ئويالماستىن،— دېدىم ئۇنى سىلكىشلەپ، — ئۆلىمەن دېسە، بىرنېمە قىلىمەن دېگەندەك ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايناتماڭە... بىر كېچىدە 6 ـ 7قەۋەت ئىمارەتنى قوپۇرۇپ بولىدىغان مەن يە دىۋە ئەمەس. كونا ئۆتۈكىڭىزنى كىيگۈم يوق، يېڭى ئاياغ ئېلىپ كىيىمەن... 200سوم جىددىي لازىم بوپقالغىنى راست. ئەمما ئاللا ساقلىسۇن! ئۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن. پەقەت بولمىغىنىدا، بىرەرسىنىڭ بېشىغا بىرنى قويۇپلا يېنىدىكىنى بۇلاپ ئالغۇچىلىكىم بار!

ئۇ خوتۇن جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

«ھالالدىن بەرگىن ئاللا!» دېدىم بوش شىۋىرلاپ. يارەببىم! ھەممىگە ئاللا گۇۋاھ... ھازىر مەن خۇددى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھى ئەزىزىنىڭ زۇلەيخا ئاتلىق خوتۇنىنىڭ چەكتىن ئاشقان تەلىپىنى رەت قىلغاندەك، مۇنۇ ئەر سېغىنىپ كەتكەن پۇلدار خوتۇننى رەت قىلدىم. خۇددى پەيغەمبەرلەر ئەجرىنى ئاللادىن تىلىگەندەك، مەنمۇ ھەممىنى ئاللادىن تىلەيمەن.

ھەق! «بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ بەرمىسە سۇبھان، نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان؟!

مۇشۇنداق ھالەتكە كەپقالغان بىر جەمئىيەتتە ياشىماق نەقەدەر خەتەرلىك! ھېچكىم ئۆز ھاياتىغا كېپىللىك قىلالمايدۇ. ھەرقاچان بۇ شەھەرنىڭ مەلۇم بىر بۇلۇڭ-پۇچقىقىدا جىمىدىلا ئۆلۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن. سېنىڭ ئۆلۈمىڭ ھېچقانداق تەسىر قوزغىيالمايدۇ، خۇددى بىر ئادەمنىڭ پۇتىدا مىجىلىپ كەتكەن چۈمۈلىگە ئوخشاش... قورقۇنچلۇق، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق...

مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى بازاردا ئاغىنە باللاردىن سەككىز-ئونى سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئۇلار مېنى كۆرۈپ، «كەل» دېسە «كەل» دەپ ، چاقىرىپ كېتىشتى. مېنىڭمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ، غېمىم يېنىكلەپ قالدى، ئۇستۇمدىن باسقان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك راھەتلىنىپ قالدىم.

— بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ بىرەر ئىشقا خاپا بوپقالدىڭمۇ يا؟ بىزگە دېگىن، ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئاغىنىلىرىڭغۇ بىز! — دېيىشتى ئۇلار مەيدىسىگە مۇشتلاپ. بۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

— نېمە بولاتتى دەيسىلەر... ھېچ ئىش بولمىدى... مۇنداق گەپ ئىدى... ماڭا 200سوم جىددىي لازىم بوپقالغانىدى دەڭلار... شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئادەمدىن قەرز سورىسام، پەقەتلا چىقمىدى. ئايلىقنى يەنە بەش-ئالتە كۈندىن كېيىن بېرەتتى. شۇڭا... شۇ گەپ، — دېدىم. گەپ تۈگىمەي تۇرۇپ ئۇلار قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك شاپپىدە جىمىپ كەتتى... بۇ جىملىققا قاراپ كۆڭلۈم پوق يېگەندەك غەش بولدى.

— ئاداش، كەچۈرگىن! ئۆزۈڭ بىلىسەن... بەزىمىز ساڭا ئوخشاش ھەرقاچان ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاددىي ئىشچىلار، بەزىمىز بىكارچى... ھە... يەنە بەزىمىز گەرچە تىجارەت قىلىۋاتقىنىمىز بىلەن ئۇقەت

يۇرۇشمەيۋاتىدۇ. . . ھەممىمىزنىڭ يېتىپ ئاشقۇدەك دەردىمىز بارئىكەن! پەقەت ساڭا ھېسداشلىق قىلىمىز! - ئۇلار بىرىسى توختىسا، بىرسى سۆزلەۋاتاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ گەپلىرى ماڭا قولاشمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. چۈنكى بىرنەنچە-دىن، ئۇلارنى مەن ئوبدان بىلەتتىم. ئىككىنەنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى شىرەدىلا 200 - 300 سوملۇق بېلىق توخۇ، كاۋاب، ئالىي ھاراق، ئېسىل تاماكا، ئوخشىغان ئۆپكە - ھېسىپ، كاللا - پاقالچاق ۋە باشقىلار تولۇپ تۇراتتى. تۇفى! «ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ۋاپادار دوستلىرىم ياخشى» دېگەنلەرنىڭ تىلى قۇرۇسۇن! ئۆزۈمنى تەلتۆكۈس تۈگەشكەندەك ھېس قىلىپ ، قاتتىق يىغا تۇتۇپ كەتتى. خۇدا ساقلىسۇن! يېنىمدا پۇلۇڭ بولمىسا، دوختۇرخانىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئۆلۈپ قالىدىغىنىڭ دەرھەقىقەت راست ئىكەن. ھالبۇكى، قايسى ئىنسان پۇل ئۈستىگە تۇغۇلغان بولغىيتتى؟ قايسى ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن بىر قانچە تۈمەن پۇلنى تۇتۇپ چۈشكەن بولغىيتتى؟! . . . مەنغۇ ئاز بولسىمۇ مائاشى، ئاددىي بولسىمۇ خىزمىتى، ئىدارىسى بار ئادەم. مېنىڭدىن بەتتەر پۇلغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرمۇ باردۇ؟ شۇلار قانداق قىلىۋاتقاندۇ! مەن تېخى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن يامانلاپتىمەن. ئۇلار پۇل بېرىپ تۇرمىغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن يامانلىغىنىم پۈتۈنلەي خاتا بوپتۇ. «تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى، تۇغقاندىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى» دېگەن راست ئىكەن. مەن تېخى چوڭ بولماپتىمەن. ياش ۋە بوي جەھەتتىن چوڭ بولغىنىم بىلەن ئەقىل جەھەتتىن چوڭ بولماپتىمەن. مۇشۇنداق گىرداپقا كەپقالغان بىر جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ - ئۆسۈپ تۇرۇقلۇق تېخى بۇ جەمئىيەتنى چۈشەنمەپتىمەن. . .

-كېرەك يوق، سىلەرنى قەرز بېرىپ تۇرۇڭلار، دېمىدىم ياكى ھېسداشلىقىڭلارنى ئايىماڭلار، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. . . دېمىدىم، - دېدىممەن ئۇلارغا قاراپ. ئۇلار كۆزۈمگە ئۇدۇل قارىيالماي يەرگىلا قاراپ ئولتۇراتتى، - مېنى ئوبدان بىلىسىلەرغۇ، ئاز بولسىمۇ يېنىمدىن پۇل ئۈزۈلمەيتتى، پۇلنى ئانچە كۆزۈمگە ئىلىپمۇ كەتمەيتتىم، ئوغۇلبالىنىڭ قولىنىڭ كىرى . . . دەيتتىم. ئەمما بەزىدە ئادەم مۇشۇنداق بوپقالىدىكەن. . . پۇل ئۆزىنى تونۇتۇپ قويىدىكەن. . . . نېمىدېگەن يامان - ھە! سىلەر ئولتۇرۇپ كۆڭۈل خۇشى قىلىۋېرىڭلار، - ئۇلارنىڭ «ئولتۇرغىن» دېگىنىگە ئۇنىماي قوپۇپ كەتتىم.

راست ئىكەن. ھازىرقى كۈندە تۇغقانغىمۇ، قېرىنداشقىمۇ، دوستقىمۇ، يانچىمۇ. . . ھەممىسىگە پۇل بولسا بولىدىكەن. بولمايدىغان بولسا، سەن ئىسمى بار، جىسمى يوق بىر نەرسىكەنسەن. مەيلى، رەنجىمەيمەن، رەنجىشكىمۇ ھەققىم يوق! ئەپسۇسلىنىمەن شۇ. «بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ بەرمىسە سۇبھان، نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان!؟

ئۆزۈم ئۇدۇللۇق تىرىكچىلىك قىلىپ كېتىۋاتقان ئاددىي بىر مېھنەتكەش بولغاچقا، ۋاقىتلىق پۇل قىلىپ تۇرغىدەك تۈزۈكرەك مال-مۈلكۈمنىڭمۇ ھېچ تايىنى يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئاتام ۋاپات بولغاندىن بېرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن خېلى چېكىنىپ كەتكەنىدۇق. مەنمۇ ئىدارەم، مائاشىم بار. . . دەپ بىرخىل تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ قالغانىكەنمەن. بىراق نېمىلا دېگەنبىلەن «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ» دېگەن گەپ بار. پۇلنى يەنىلا پۇل تاپىدىكەن. ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان بولسا بولىدىكەن. ھازىرقى كۈندە «سۇ سايغا ئاقىدۇ، پۇل بايغا» . ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدىكەن. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، جاھاندا باي بىلەن كەمبەغەل مەۋجۇد بولامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنلا زىددىيەتلىك، ئەمما قىزىقى بار دۇنيا بۇ! قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئۆزگەرتسەم بولىدىغانغا ئوخشايدۇ. لېكىن بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا 360 گرادۇس بۇرۇلۇش قىلغىلى بولمايدۇ-دە. مەن ئۈمىدۋار ئىدىم. مەن دائىم ئېگىز تاغدىن چۈشۈپ كەتسەممۇ ۋە بوينۇمغا جاللات قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرسىمۇ، ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، ئۈمىدسىز شەيتاندۇر، دەيتتىم؛ ئېگىز تاغدىن چۈشۈپ كەتسەم قۇشنىڭ قانىتىغا، يا تاغنىڭ بېقىنىدا ئۆسۈپ قالغان بىرەر دەرەخنىڭ شېخى ياكى يىلتىزىغا ئېسىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. جاللاتنىڭ بوينۇمغا تەڭلىگەن قىلىچى سۇنۇپ كېتىشى ياكى مەلۇم سەۋەبتىن قولىدىن چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ھەممە ئىش ئاللانىڭ ئىلكىدە، ئاللا ئالمىغان جاننى كىم ئالالايتتى؟ دەيتتىم. «پەرۋەردىگارىم! ساڭا دۇئا قىلىپ، ئۈمىدسىز بوپقالغىنىم يوق! » دېگەن ئايەتنى تولا ئوقۇيتتۇم. ئاللاغا كۇفرانىي نېمەت قىلىشتىن بەك قورقاتتىم. ئائىلەمنىڭ قىياپىتىنىڭ جەزمەن كۈنسېرى ياخشىلىنىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتىم. دېمەك مېنىڭدە پەقەت شۈكرى-قانائەت بىلەن سەۋر-تاقەت ھەمدە ئاللا ئاتا قىلغان ئادەتتىكىدەك بىر ساغلام بەدەنلا بار ئىكەن. ئەقىل-پاراسەت بولسا، مېنىڭدە يوق ئىكەن. ئەگەر ئۇ بولسا، رېئاللىققا تېز پۈكمەيدىغان روھىيىتىمدە بولۇشى مۇمكىن. رېئاللىق - بەك يامان ئىكەن، رەھىمسىزكەن! مېنىڭ بۇ جەمئىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان پاك ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاللانى ياد ئېتىش ئارقىلىق ئارام تاپىدىغان ئاجىز جېنىم - ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى، ئاللاغا بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىۋاتقان بارلىق جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلار دۇنياسىغا مەنسۇپ ئىكەن. . .

ئۇيان ئۇيلا، بۇيان ئۇيلا. . . ئاقىۋەت كونا-يېڭى بولۇپ تەخمىنەن 300 پارچىدەك كىتابىم يادىمغا كەلدى. مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە جەمئىيىتىمىزدە شەخسىي كىتابپۇرۇشلار خېلىلا كۆپىيىپ قاپتۇ. ئۇلار كونا-يېڭى كىتابلارنى مۇۋاپىق باھادا

سېتىۋالىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا چاپلاپ ساتىدىكەن. كىتابلىرىمنى سېتىپ پۇل قىلىپ تۇرمىسام بولمىدى. كىتاب مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم ئىدى. خۇددى خەلق چۆچەكلىرىمىزدىكى بەزى باتۇرلارنىڭ جېنى قەپەستىكى قۇشتا ياكى يەنە بىر نېمىدە بولىدىغىنىغا ئوخشاش، گويا مېنىڭ جېنىم ئاشۇ قىممەتلىك كىتابلىرىمدا ئىدى. ئەپسۇس. . . مەلۇم قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم قىممەتلىك نەرسىنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە توغرا كېلىدىكەن. بەلكىم بۇ قىلغىنىم توغرىدۇ ياكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىمدۇ. بەلكىم بۇ قىلغىنىم ھاياتىمدىكى زور بۇرۇلۇشنىڭ بىرقىسمى ياكى تۈنجى قەدىمى بوپقالار. ھېچبولمىغاندا، قىلىپىلىشىپ ۋە بىرخىللىشىپ قالغان تۇرمۇشۇم ئۆزگىرىپ قالار. باشقىلارمۇ مېنى «كىتاب خالتىسى» دېمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىر كىتابپۇرۇشنىڭ دۇكىنىغا كىتابلىرىمنى ئاپاردىم. كىتابپۇرۇش دۇكىنىنى تاقايمەن دەپ تۇرۇپتىكەن، مەن ئەكەلگەن كىتابلارنىڭ بىر-بىرىدىن ياخشى، بىر-بىرىدىن قىممەتلىك، تېپىلغۇسىز ئېسىل كىتابلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئالدىرىمايمەن، دۇكاننى سەل ۋاقچىراق تاقسام بولىدۇ» دېدى. ئۇ، 1990-يىلىدىن ئاۋۋالقى كىتابلارنى ئۆز باھاسىدا، 1990-يىلىدىن كېيىنكى كىتابلارنى يېرىم باھادا سېتىۋالدى. ھەممە كىتابنى ھېسابلاپ كۆرۈۋېدۇق، ئاران 198سوم بوپتۇ. كىتابپۇرۇش بۇنىڭغا يەنە ئىككى سوم قوشۇپ (بۇ ئۇنىڭ ماڭا ئېتىبار قىلغىنى ئىدى)، قولۇمغا ساق 200سومنى تۇتقۇزدى.

200سومنى ھەل قىلغىنىمدىن خۇش بولدۇم. ئەكسىچە، مېنىڭدە ئەمدى ھېچقانداق مال-مۈلۈكنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق تېپىلىپ ئېبىن-سەبىل بوپقالغانلىقىمنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزۈمدىن تاراملاپ ياش كەتتى. بىچارە ئانام بىلەن سىڭلىم بىر-بىرىگە ئېسىلىشقىنىچە ھۆ تارتىپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلارغا قاراپ تاس-تاس قالدىم ھۆركىرەپ يىغلاپ سالغىلى! قەلب دۇنيايىمدا دەھشەتلىك بىر چۇقان، ھەسرەتلىك بىر نىدا كۆتۈرۈلدى. . . روھىي دۇنيايىم پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، تامامەن باشقا بىر ھالەتكە ئۆزگىرىپ قالغاندەك بوپقالدىم.

— ئاتا! . . . دېدىمەن يىغلاپ، — سەن بەك بالدۇر كېتىپ قاپسەن. بەختسىز ۋە يارىماس ئوغلۇڭغا قارىغىنچۇ؟ ! . . . سەن ۋە بوۋام ئىككىڭلار مېنى ياخشى تەربىيىلىدىڭلار، ئانام ھېلىغىچە تەربىيىلەۋاتىدۇ. . . بىراق سىلەرنىڭ ئىزىڭلارنى باسقان ماڭا ئوخشاش ئوغۇلغا. . . بۇ جاھان باقمايدىكەن. «ئاتا ئوغلى بولغىچە، ئەلنىڭ ئوغلى بول» دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى نېمىكىنا! . . . بەس! مەن ئىدارىدىن توختايمەن، ئۇلار مېنى ئىش ئورنۇمدىن قالدۇرغىچە ئىززىتىمنىڭ بارىدا «ئىستىپا

» بېرىمەن! مەنمۇ ئەشۇ پۇل دېگەن شەيتاننىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ، يەرگە بېسىپ، دەسسەپ-تېپىپ، تۇكۇرۇپ-مىشقىرىپ ۋە سىيىپ-چىچىمەن! ! . . . ئاللا ئىشىمنى ئاسان قىلسا، ئىككى چامادان پۇلنى ئالدى-ئارقا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئايىغىغىچە چاچىمەن. . . خوتۇنغا تويمايدىغان كاتتا بايلارنىڭ پۇللاردىن تەرمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي!

. . . باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مۇئەللىم «ئېغىر كۈنلەردە» دېگەن بىر دەرسنى ئۆتتۈۋىدى، پۈتۈن سىنىپ بويىچە پەقەت بىرلا مەن يىغلىۋەتكەنىدىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكىنىنى كۆرگەنىدىم. ئەجەبا. . . مەن كېيىنكى كۆرگۈلۈك ئۈچۈن يىغلىغانمۇ؟ ! . . .

سەن بۇ شەھەرگە مۇنداقلا بىر قارىساڭ، ھەممىلا ئادەم غەمسىزدەك ۋە گۈللەپ - ياشناۋاتقاندەك كۆرۈنۈدىكەن. ئۇنىڭ تەركىبىدە نامرات ۋە دەردلىك كىشىلەرنىڭمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈدىغان بولساڭ، ھېچ ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ. سەن بۇ جەمئىيەتتە ئۆزى كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن كۆزلىرىدىن غەم-غۇسسە ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغانلارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى بىلىشنى خالايدىغان بولساڭ، ئۈمىدسىز قالمايسەن. ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ تۆتنى سىلكىسەڭمۇ ئۇزايىدىن بىر تىيىن تۆكۈلمەيدىغان ئادەملەر ساماندەك تۇرۇپتۇ. بەلكى ئۇنداقلارنى ھۇرۇن، دۆت، ئاقچى-كۆكچى دەيدىغانسەن. . . بوپتۇ، دېگىن. ئەمما «ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ» . . .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئىقتىسادىي ياخشى ئادەمدىن ئىككى-ئۈچى تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن مىجەزىم يوق، كارىۋاتتا ياتاتتىم. ئۇلار ئېگىز - پاكار، ئەمما سېمىز-سېمىز كەلگەن، چىرايى پوق يېگەن خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن، ئالچاڭشىپ ماڭىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ماڭا ئېچىنغان، ئەپسۇسلانغان ۋە كايىغان ھالدا بەس-بەستە سۆزلەپ كېتىشتى:

— ھوي ئۇكا، 200سوم ساڭا شۇنچىۋالا لازىممىدى؟

— مەھەللىدىكى ھەممەيلەن سېنىڭدىن پەخىرلىنەتتۇق!

— كىتابلىرىڭنى سېتىپ، ئۆلۈك بىلەن باراۋەر بولدۇڭ!

— بىزلەر تۇرۇپ، سېنىڭ پۇلدىن قىسىلىپ قېلىشىڭ. . . ئەقىلگە سىغمايدۇ!

. . . . . .

مەن بۇنداق باي-پۇلدار ئادەملەرگە بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا بەك سەت ئۆچ بوپكەتتىم. نېمىگە پايدىسى باي-پۇلدار ئەبلەخلەرنىڭ! يوق دېسە، ئەنە شۇلارنى دېسە بولىدۇ. ھەي ي . . . ھازىرقى كۈندە، مۇشۇ جەمئىيىتىمىزدە سادىر پالۋان، غېنى باتۇر، قۇربانجان دېگەندەك ئەرلەر يوقتە! ؟ ! ياكى زورۇرۇ، قارا كۇركۇم دېگەندەك يۈرەكلىك ۋە ۋىجدانلىق

قاراقچىلار يوقتە. . . ئاچچىقىمدا «تۇنۇگۈن ھەرقايسىڭ قايسى ھاڭگا ئېشەكنىڭ ئاستىدا قېلىشقانتىڭ! » دەۋەتكىلى قىل-قىل قالدىم. بىراق كىتابلىرىمنى سېتىۋەتكەنلىكىمنى بۇ يەھۇدىي - جوھۇتلار، بۇ. . . بۇ چوشقىلار قانداق بىلىۋالغاندۇ. . . بۇ مەھەللىدە ھېچقانداق ئىشنى مەخپىي تۇتقىلى بولمايدۇ-دە.

- گەپ قىل ئۇكا! بىزنى ئىزدىسەڭ بولماسمىدى! ؟ - دېدى ئۇلار.

- ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇغاننىڭ ، دۈشمەن قاچقاندىن كېيىن باتۇر كۆپەيگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ - دېدىمەن ئۇلارغا زەردە بىلەن ، ئۆتسۈن دەپ.

ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

- خاپا بولما ئۇكام، بىزنى ئىزدىمەپسەن ئەمەسمۇ؟ بىز ئەلۋەتتە ساڭا ياردەم قىلاتتۇق! - دېيىشتى.

- ماڭا ياردەم كېرەك ئەمەس! ئەشۇ پۇلۇڭلار بىلەن كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتلەرنى سېتىۋېلىشقا ئالدىراڭلار! - دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا مۇنداق دېدىم:

- بوۋام مۇنداق بىر ھېكايىنى دەپ بەرگەنىدى، ھازىر ئۇنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، - ئۇلار خۇددى ئۇستازىدىن تەلىم ئېلىۋاتقان تالىبتەك ئاغزىمغا تەلمۈرۈشتى:

تاتارلاردىن چىققان مەشھۇر ئىسلام ئالىمى مۇسا جارۇللا ئەپەندى ئەينى چاغدا بۇ دىيارىمىزنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، شۇ نۆۋەتتە قەشقەرگىمۇ بارغانىكەن. مۇسا جارۇللا بارغانلا يېرىدە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپتۇ. . . كەپكە كىيگەن، چاچ قويغان، بۇرۇتلۇق، ئەمما ساقىلى يوق، كاستۇم-بۇرۇلكا، شىبلىت كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقىۋالغان مۇسا جارۇللا قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، پۈتكۈل قەشقەر شەھىرى دەۋرەپ كېتىپتۇ. نى-نى باي - كاتتىلار، نى-نى ئالىم - ئۆلىمالار، نى-نى بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋېلىش غەرىزىدە پايپېتەك بوپكېتىشىپتۇ. ئەمما مۇسا جارۇللا چىرايلىق رەت قىپتۇ ۋە:

- ئى ئۇلۇغلار! ماڭا بۇنچە قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟! . . . ماڭا پەقەت ئۇشبۇ ئەزىزانە قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا پۇرسەت بېرىڭىزلەر،- دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەستىلەرنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرەر يۈزچە يۇرت كاتتىسى سۆرۈلۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىۋالغان نۇرغۇن-نۇرغۇن پۇقرالار قوشۇلۇپ، قەشقەر ئاجايىپ بىر ھالەتكە كەپتۇ. . . مۇسا جارۇللا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر پاھىشىخانىنىڭ ئالدىغا كەپقاپتۇ. ئۇ زاماندا يۇرتىمىزنىڭ بەزى يەرلىرىدە پاھىشىخانىلار ئوچۇق-ئاشكارا تىجارەت قىلاتتىكەن. . . مۇساجارۇللا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، پاھىشىخانىغا ئۇسۇپلا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يۇرت كاتتىلىرى ئۆز ئارا بىرھازاغىچە دەتالاشقاندىن كېيىن ئامالسىز مۇسا جارۇللانىڭ ئارقىسىدىن پاھىشىخانىغا كىرىپتۇ. بۇ ئالامەتنى كۆرگەن پاھىشە ئاياللار چەكچىيىپ قاراپلا قاپتۇ. سىرتتىكى ئاۋام پۇقرالارمۇ: «نېمە ئالامەت بۇ! ؟ ! » دەپ ھەيران بولۇپ ھەم قىزىقىپ، پاھىشىخانىنىڭ ئالدىغا ئولىشىۋاپتۇ.

مۇسا جارۇللا بىر پاھىشە ئايالدىن سوراپتۇ:

- ئەي سىڭىلچىقىم! نېمە سەۋەبتىن تېنىڭىزنى ساتىسىز؟! ھالبۇكى، سىز ۋە سىزلەرگە ئوخشاش قىز - خاتۇنلىرىمىز بىزنىڭ بارلىقىمىز، ئار-نامۇسىمىز ۋە ئەڭ قىممەتلىك كىشىلىرىمىز ئىدىڭىزلەرغۇ! سىزلەر مىللەتنىڭ بىر قانىتى ئەمەسمۇ؟!

بۇنى ئاڭلىغان پاھىشە ئايال بىر چىڭقىلىپ پاڭگىدە يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە:

- جاھان قاتتىق! ئامالسىز بۇ يولغا كىرىپ قالدۇق. . . بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئەرەنلەر يوق! ! - دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پاھىشە ئاياللارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە مىشىلداپ، بارا-بارا ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. مۇساجارۇللا يەنە سوراپتۇ:

- ئەي سىڭىلچاقلىرىم! سىزلەر پاھىشە قىلغاندىن كېيىن بويىڭىزلەرنى سۇغا سالامسىزلەر؟

- بەزىدە سالالايمىز، بەزىدە سالالمايمىز، - دەپتۇ پاھىشە ئاياللار.

مۇسا جارۇللا بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ:

- بۇنىڭدىن كېيىن پاھىشىنى داۋام ئېتىۋېرىڭىزلەر. ئەمما ھەر قېتىم پاھىشە قىلغاندا جەزمەن بويىڭىزلەرنى سۇغا سېلىڭىزلەر، مانامۇشۇ تەرىپىگە دىققەت قىلسىڭىزلارلا، باشقا ئاقىۋەتكە سىزلەر مۇناسىۋەتسىز!

شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتا تۇرۇشقان پۈتكۈل يۇرت كاتتىلىرى ھەيرانۇھەس قېلىشىپتۇ ۋە ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ:

- يا ئىبارا خۇدايا خۇداۋەندەكېرىم! بۇ قانداق پەتىۋا، بۇ قانداق گەپ ئۆزى! بۇ قانداقمۇ پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىغا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل رەھبانىيەت دۇنياسىغىمۇ مەشھۇر بولغان ئالىم كىشىنىڭ سۆزى بولسۇن! بۇ قانداقمۇ ئۆلىمائىي ئىسلامنىڭ سۆزى بولسۇن! ! - دېيىشىپتۇ. ئاۋام پۇقرالارمۇ ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مۇسا جارۇللا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

- سىزلەر كەبى يۇرت كاتتىلىرى بار بۇ ئەزىز يۇرتتا خاتۇن - ئاجىزەلەر مۇشۇنداق يولغا كىرگەنىكەن، ئۇشبۇ ئەمەلىيەتكە مۇشۇنداق دېمەي يەنە نېمە دېگۈلۈك! ئاللا ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ پۇل-مېلىڭىزلەرنى گۆرىڭىزلەرگە ئەكېتەلەيتتىڭىزلەرمۇ؟! مۇشۇنىڭدەك بۇزۇلۇشلارغا ئاللا تائالا ھەر ئىككى ئالەمدە سىزلەردەك يۇرت كاتتىلىرىدىن

هېساب ئالىدۇ! بۇ ھېسابى بار دۇنيا. . . «موللىغا ئون تاياق، تۇرۇككە بىر تاياق» دېگەن مۇشۇ. . .

بۇۋامدىن ئاڭلىغان بۇ ھېكايە مۇنۇ بايلارغا قانداق تەسىر قىلىدىكىن، بىلمىدىم. ئۇلار چىچىپ قويغان پوقتەك ئولتۇراتتى.

بىرەردەم جىملىقتىن كېيىن ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ زۇۋانغا كەلدى. ئۇلار يۇقىرىسى 5000 سوم، تۆۋىنى 1000 سوم ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياردەم قىلىپ تۇرۇدىغانلىقىنى ۋە ئايرىغان زاكاتلىرىنى بىزگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «ھازىرچە مۇشۇنچىلىك» دەپ ئالدىمغا 9000 مىڭ سوم پۇل قويدى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، بۇ ئىش سەۋەبلىك قۇياشنى غەربتىن چىقتىمۇ، شەرقتىنمۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھەق! «بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ بەرمىسە سۇبھان نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان؟!

– ئال، ئۇكا! تول ھەم ئاجىز ئانىڭ بار، سىڭلىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئائىلەڭدە مەلۇم قىيىنچىلىق بار. . . ئالغىن، لازىم بولىدۇ، –دېدى ئۇلار. ئانام ئۇلارغا قاراپ:

– رەھمەت، ئوغۇللار! ئالمايمىز! بىز تېخى ساخاۋەتكە ياكى زاكاتقا قاراشلىق ئەمەس، ئاللاغا شۈكرى! . . . رىزقىمىزنى ئاللادىن تىلەيمىز!! –دېدى. ئۇلار ئانامنىڭ سۆزىنى كەسكىن رەت قىلىپ:

– ياق! بولمايدۇ! . . . بۇ، كىتابلىرىنى سېتىۋېتىپتۇ، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. شۇ ئېنىقكى، بۇ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغان. . . بۇ پۇللارنى ئېلىڭلار، بولمىغاندا، ئوغۇللىرى ئۆيلىنىۋالسۇن، بىز يەنە قاراپ تۇرمايمىز! – دېيىشتى. پاھ. . . نېمىدېگەن تەسىرلىك گەپلەر ۋە نېمىدېگەن تەسىرلىك كۆرۈنۈش. . .

9000 سوم كۆزۈمگە 9000 جىن – شەيتاندەك كۆرۈندى، مۇنۇ ئېزىلىپ ئولتۇرۇشقان پولو يۈز، گۆشيۈز بايلارمۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈندى. بۇ پۇلنى ئېلىشقا ۋىجدان ۋە غۇرۇر، ئەركەكلىك دېگەنلەر يول قويمىدى.

– ماڭا ئەمدى پۇل لازىم ئەمەس. يەنە پۇل لازىم بولسا، ئۇنى ئاللادىن تىلەيمەن، خەقنىڭ قولىدىكىگە قارىمايمەن. ئاللا خالىسا، ئىدارىدىن چېكىنىپ، ئاشۇ كاۋاپچى-ئۈچەيچى، پاچاقچى – پايپاقچى ۋە باققال، پوكانچىلارغا ئوخشاش پۇل تېپىشقا كىرىشىپ كېتىمەن. «رىزقى تۈگىمەس، بەندە ئۆلمەس». ناۋادا يەنە بولماي قالسا، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ئائىلىمىز بىلەن ئاللا ۋە رەسۇلنىڭ يولىغا ھىجرەت قىلىمىز، – دېدىمەن ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدۇم:

– ماڭا بەرمەكچى بولغان زاكات – ياردىمىڭلارنى، مۇنۇ تاتلىق پۇلۇڭلارنى بىزدىنمۇ بەتتەر پۇلغا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بېرىڭلار، ئەمما مىننەت قىلماڭلار! ئەشۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلاردىن ئاشقان پۇل - مېلىڭلاردا ھەققى بولىدۇ!!

. . .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەھەللىدە مەن توغرىلىق ئىككى خىل گەپ تارقالدى:

بىرى، مەن ساراڭ، دۆت ھەم ئەخمەق ئىكەنمەن. بايلار ماڭا 9000 سومنى نەق تۇتقازسا ھەم بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپتىمەن ۋە ياخشى كۆڭلىنى رەت قىپتىمەن. توڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇڭدىغىنىم يۇڭدىغان دېگەنگە ئوخشاش ئىش قىلغان بولسام، ھەقىقەتەن توغرا قىلغان بولاركەنمەن. شۇڭا بۈگۈنكىدەك جەمئىيەتتە، ماڭا ئوخشاشلارنىڭ تارتقان ئەلەم-كۈلپەتلىرى ئۆزىگە قوي گۆشىدەك ھالال ئىكەن. . .

يەنە بىرى، مەن ھەقىقىي غۇرۇر ئىگىسى ئىكەنمەن. «ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ، يېمە نامەرد ئاش - نېنىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ» ، «مىننەتلىك ئېشىڭدىن قورسىقىمنىڭ ئېچى ياخشى» دېگەندەك قىپتىمەن. كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى ئالماي ئاللادىن تىلەيمەن، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىمەن. . . دېگەن گەپنى قىلغانلىقىمنىڭ ئۆزى ھەقىقىي مۇسۇلمان ۋە تەقۋانىڭ، ئوغۇلبالا-ئەركەكنىڭ سۆزى بوپتۇ. بەك توغرا قىپتىمەن. . .

ئى بوۋا! روھىڭ ئەڭ گۈزەل جەننەت – ئۇجماغنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان، بۇلاقلار قايناپ تۇرغان، سانجاق-سانجاق ئېسىل مېۋىلەر شاخلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان، قۇشلار نەغمە-ناۋا قىلىۋاتقان، نېمە دېسە شۇ تەل بولۇپ تۇرۇدىغان، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر ھەمراھ بولۇدىغان. . . يورۇق باغلىرىدا بولغاي! سېنىڭ لوقمان ھەكىم ئوغلىغا قىلغان مەشھۇر نەسىھەتلەردەك نەسىھەتلىرىڭنىڭ چىن مەنىسىنى بىر ئاز چۈشىنىۋاتىمەن. ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن بەلكى يەنە بىر زامان ياشىشىم لازىمدۇ. سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭنى تاكى بۇ قارا دۇنيادىن ۋىدالاشقانغا قەدەر قەتئىي يادىمدىن چىقارمايمەن! ئاللا خالىسا، ئوغلۇمغا يەتكۈزىمەن! بوۋا! دەرھەقىقەت راست ئىكەن: «بەر» دېدى سۇبھان، بېرىۋەتتى سۇلتان؛ بەرمىسە سۇبھان، نېمىسىنى بېرىدۇ سۇلتان!؟ . . .

2000-يىل 27-ئۆكتەبىر (جۈمە)، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئاپتور: مەدىكار (M1)



# ياخشىلىق ئىزدەپ . . .

(ھېكايە)

مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋەلى

خېلى كۆپ يولداشلارنىڭ ماڭا پىكرى بارلىقى ئۆزۈمگىمۇ ئايان. ھەتتا بىر قىسىم دوستلىرىممۇ: «خېلى-خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولساقمۇ، بىرەر گېزىت ياكى ژۇرنالغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىسمىمىزنى چىقىرىپ قويمىدى. قارىغاندا، بۇنىڭ قولىدىن ئاغىنىدارچىلىق كەلمىگىدەك» دەپ يورۇپتۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىنى يىغىنچاقلىغاندا، مېنى «ياخشىلىقنى كۆرمەيدۇ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ يامانلىقنىلا كۆرىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى بىرنەچچە ئەمەلدار مەن بىلەن ئۆزىچىلا يېقىنلىشىپ قالدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرمىدىم. ئۇلار مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەر-يېزىلارنى ئايلاندۇردى، سەيلىگاھلارغا ئاپاردى، ئۆيلىرىدە مېھمان قىلدى، ئىشخانىلىرىغا باشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئالغان شەخسىي تەقدىرنامە، كوللېكتىپ ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئالغان لەۋھەلەرنى كۆرسەتتى. خالىس ھالدا بىرمۇنچە سان-سىفىرلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ جەرياندا مەن گەرچە ئەمەلدار بولمىساممۇ، ئەمەلدارلارنىڭ راھىتىنى كۆردۈم. بىر-ئىككى يىل ئۆتمەي بۇ ئەمەلدارلار يەنە ئۆزلىكىدىنلا مەندىن سوۋۇپ قېلىشتى، ھەيران قالدىم. كېيىنرەك ئاڭلىسام: «ئۇ يازغۇچى ئەمەسكەنۇي. شۇنچە قىپ كېتىپتىمەن تېخى. قولىدىن يېزىقچىلىق كەلمەيدىكەن» دەپ يۈرگىدەك.

ناھىيىمىزدىكى بىر يېزىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى كىچىككىنە بىر داڭلىق ئۇن زاۋۇتى بولىدىغان. زاۋۇت كىچىك بولغىنى بىلەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ يۈزى بەك چوڭ ئىدى. ئىمپورت قىلىنغان پىكاپتىن چۈشمەيتتى. باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن كادىرلار بىلەن ئانچە بەك باردى-كەلدىسى يوق ئىدى. يەرلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئىسمى-شەرىپى، سۈرەتلىرى پات-پات كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەن ھەرساھەدىكى ئۆزۈمگە بولغان نارازى قاراشلارنىڭ تۈرتكىسىدە مۇشۇ زاۋۇتنىڭ ئەھۋالىنى بىر ئۇقۇپ باقاي دەپ باردىم. ھەيھات! كارامەتكەن: بۇ زاۋۇت مۇشۇ يىل ئىچىدە مائارىپقا 500يۈەن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى ئەترىتىگە 5000يۈەن، يېزىلىق باج پونكىتىغا 2500يۈەن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پىكاپ سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 60مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىپتۇ. ئىلھامىم راست قوزغالدى: بىزدە مۇشۇنداق شەخسىيەتسىز كارخانا باشلىقلىرى بار ئىكەن. كادىرلارمۇ ئۇنىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئامراقكەن. مېنىڭ راستىنلا كۆزۈم كور

بوپقاپتۇ، دەپ ئويلىدۇم. يېنىشىمدا ئىشانە قىلغان مۇشۇ پۇللارنىڭ راست-يالغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرۈش ئۈچۈن زاۋۇت بوغالتىرى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ بىر سېپكىلەك ئىكەن.

— راست، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ چىرايى نېمە ئۈچۈندۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى، — ئۇنىڭدىن باشقا ئىشانىلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ: مەسىلەن، گېزىتخانا، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى ۋە يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن يەرلەرگە دېگەندەك. ئەمما...

ئۇ شۇنداق دېدى ۋە لېۋىنى چىشلىگىنىچە كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ خىل پەرىشان ھالىتىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ھازىرلا يۈز كۆرۈشكەن بۇ قىزچاققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

— راست، زاۋۇتىمىز ئىلغار زاۋۇت، بىز ئىلغار زاۋۇتنىڭ مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلىرى، زاۋۇت باشلىقىمىز ھەممىدىن ئىلغار. ئىشخانا، مەجلىسخانىلىرىمىز ئوتقاشتەك قىپقىزىل لەۋھەلەر، يالتىراپ كۆز چاقنىتىدىغان تەقدىرنامىلار بىلەن توشۇپ تۇرۇپتۇ. لېكىن... لېكىن، بىزنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىمىز ئارانلا 80 كوي. كۆپ ھاللاردا شۇنىمۇ ئالالمايمىز.

ئەمدى كۆپ گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ھېلىقى سېپكىلەكنىڭ كۆز يېشى، چىرايى، لەۋلىرىدىن ھەممىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن يازمىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بۇ زاۋۇتتىن دەرھال يېنىپ چىقتىم. دوستلىرىم، يولداشلىرىمنىڭ ئۈمىدى يەنە يەردە قالدى. مېنى «يازغۇچى ئەمەسكەن» دېگەن ھېلىقى بىر-ئىككى ئەمەلدارغا ئۆزۈمنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىم سۇغا چىلاشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم. ئەگەر مۇشۇ ماقالە ئىدىيەمدە تۈپكى بۇرۇلۇش ياسىمىغان بولسا، بۇ دۇنيادىكى ياخشىلىقلارنى مەڭگۈ بايقىماي ئۆتۈپ كېتىدىكەنمەن. ماقالىدا دېيىلىشىچە، توپان بالاسى تۈپەيلىدىن نوھ ئەلەيھىسسالام ھېلىقى كېمىگە چىقىۋالغاندا، مۇشۇ جاھاندا بار جانلىقلارنىڭ ھەربىرسىدىن بىر جۈپتىن ئېلىۋاپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭ جاھانشۇمۇل مەنىسى شۇ ئىكەنكى، ياخشىلىق بار يەردە يامانلىق بار، يامانلىق بار يەردە ياخشىلىق بار، دېگەنلىك ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئىچىدىمۇ «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشكېزەك» دەيدىغان گەپمۇ بار. دېمەك، مېنىڭ خاھىشىمدا ئېغىش بار ئىكەن. يامانلىقنىلا كۆرۈپ ياخشىلىقنى كۆرمەسلىك — ئاللانىڭ ئىرادىسىگىمۇ، پەلسەپەدىكى «قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى» قانۇنىغىمۇ، «بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» ياكى «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى» دىن ئىبارەت دىئالېكتىكلىق نۇقتىئىنەزەرگىمۇ خىلاپ ئىكەن. مەسىلەن، ھېلىقى كىچىك زاۋۇتنىڭ ئىشىنى ئالساق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققىنى بەك ئاز بەرگەنلىكى يامان ئىش بولسىمۇ، باشقا ئورۇنلارغا ھەدەپ ئايىماي ئىشانە بەرگەنلىكى ياخشى ئىشقۇ؟ ئەگەر ئالدىنقى يامان ئىش بولمىغان بولسا، كېيىنكى ياخشى ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ناتايىن ئىدى.

ئۆگىنىش ئارقىلىق ئويلاش، تەھلىل قىلىشقا، ئويلاش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تەرلەشكە مەجبۇر بولدۇم. بېشىمنى سىلكىۋېتىپ يەنە ئويلىۋېدىم، راست: ھازىرغىچە ئەتراپىمدىكى ياخشىلىقلارنى يېزىپ باقماپتىمەن، زىيالىيلىرىمىزنىڭ، خەلق سۆيەر ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ، ئېسىل سۈپەت موللا — ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ ۋە يەنە باشقا بىرنېمىلىرىمىزنىڭ ئالتۇندەك پەزىلەتلىرى ھەققىدە ھېچنېمە يازماپتىمەن. بىردىنلا خىجىللىق ئىچىدە قالدىم.

ئادەمنىڭ بەك زىل بوپكېتىشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەسكەن. مېنىڭچە، ئادەم چوقۇم چىۋىنغا، شەپەرەڭگە ئوخشاش بولۇشى كېرەككەن. چىۋىننىڭ بۇرنىغا نىجاسەتمۇ، ھەسەلمۇ ئوخشاشلا مەززىلىك پۇرايمىش. شەپەرەڭنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇمۇ، يورۇقمۇ ئوخشاشلا نۇرلۇق كۆرۈنەرمىش. بىزمۇ شۇنداق بولغان بولساق، ھەممىمىزگە ھەممە نەرسە ئوخشاشلا تاتلىق تېتىسا، ھەممە ئىش ۋە ھەممە يەر قىزىلگۈلدەك چىرايلىق ۋە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدەك شاپائەتلىك كۆرۈنسە ۋە بىلىنسە؛ دەريا-كۆللەرمۇ، دەشت-چۆللەرمۇ، تاغلار ۋە باغلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالىغان بولسا، سەيلىگاھ ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغان بولارئىدۇق. يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش، غەزەپلىنىش بولماي، ھەممىنى يەپ، ھەممىنى تېتىپ ۋە ئوخشاش ھۇزۇر ئېلىپ كۈلۈپلا يۈرگەن بولارئىدۇق. بەلكىم، مۇشۇ تۈپەيلىدىن قاغىغا ئوخشاش 200 — 300 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولارئىدۇق. چۈنكى كۈلكىنى ئۆمۈرنىڭ ئوزۇقى، دەيدىكەنغۇ؟

ھەي ئىستەي، ئۇنداق بولماپتۇ! بىرسىمىز زىل، بىرسىمىز غەم يېمەس تۇغۇلۇپ قاپتۇق. شۇڭىمۇ بۇ جاھاننىڭ جاپاسىنى تارتىۋېتىپتۇق!...

مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ چىرايىمغا قىزىللىق ئولاشتى. بىلىپ-بىلمەي ئىنسان بەختىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغىلى تاس قاپتىمەنا! «تۇۋا!» دېدىم ئىچىمدە ۋە ئادەملىرىمىز ئىچىدىكى بارلىق ياخشىلىقلارنى قېزىش ۋە يېزىش نىيىتىگە كەلدىم.

بۈگۈن — بارات كۈنى — ھەممە ئادەم ساۋابلىق ئىش قىلىدىغان كۈن. بۇ كۈندە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا-ئانا، بالا-چاقىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشىدۇ، قەبرىگە يېڭى خادا تىكىشىدۇ، ياغ پۇرۇتىدۇ، ئاندىن ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، ئاجىز-ئورۇق، يېتىم-يېسىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشىدۇ. قىسقىسى، ئۆزئارا ياخشىلىقلا قىلىشىدۇكى، ھەرگىز يامان ئىشلارنى قىلمايدۇ.

ئىشنىڭ مۇنداق خەيرلىك كۈنگە توغرا كەپقېلىشىنى كۆرمەمدىغان؟

مەن «بىسمىللا» بىلەن ئىشىكتىن چىقتىم.

ھويلا ئالدىدىكى قاپاق تېرەكتىن ئىككى تال خادىلىق ياغاچ كەستىم ۋە سۈپۈرگە بىلەن قېتىپ موتىسىكلىتقا تاڭدىم. مىنەي دەپ تۇرسام ئارقا چاق شاپاقتەك يەنجىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەرۋايىم ئۇچتى. موتىسىكلىتقا ئىككىنى تېپىۋېدىم، ئاغرىققا چىدىيالماي ۋاي-ۋايلاپ كەتتىم. ئايالىم:

— ھوي، نېمانداق ساراڭدەك قىلىق قىلىپ يۈرۈيسىز؟ تېپىۋاتسىزغۇ ئۇ نېمىنى؟ — دېدى.

— قارىمامسىز؟ ئاخشام كامېر ئالماشتۇرغان تۇرسام.

— قاراپراق ئالماي...

— ھەرقانچە قارىسامۇ ساختىدىن ئۆزگە مال بولمىسا بۇ بازاردا. شۇنداق بولسىمۇ، بىر كېچە چىداپ بەرسە بولمامدۇ؟ — دېدىم ئاغرىق پۇتۇمنى سىلاۋېتىپ.

ئامال قانچە؟ كامېرنى ياماتتىم، ئاندىن قەبرىستانلىققا چاپتىم.

قەبرىستانلىق ئاسمىنىنى سوزۇپ ئېيتىلغان مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازلىرى بىر ئالغاندى، يەر-بۇيەردىن يىغا ئاۋازلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى، بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلغان ھالدا زومچەك-زومچەك قەبرىلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ دادامنىڭ قەبرىسىگە كەلدىم. موتىسىكلىتتىن خادىلىق ياغاچ، سۈپۈرگىنى بوشىتىپ خادىنى قەبرە بېشىغا تىكتىم. ئاندىن يەنە بىر خادىنى ئانامنىڭ قەبرىسىگە تىكىپ قويۇپ قايتىپ كەلسەم سۈپۈرگە يوق، قويۇپ قويغان يەردە ئىزىلا قاپتۇ. زەن سېلىپ قارىسام، سۈپرا تاپان بىرسىنىڭ ئەكەتكەنلىكى بايقالدى. بۇ ئىز كىمنىڭكىدۇ؟ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچە ئىخلاسى بىلەن قىرائەت قىلىشىۋېتىپتۇ. كىمدىنمۇ گۇمانلىناي؟ ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى ئوغرىلىغان. مۇشۇنداق كۈندە، مۇشۇنداق يەردىمۇ ئوغرىلىق قىلىپ يۈرسە-ھە؟ گۇناھ بولۇشىدىن قورقمىغانمىدۇ؟ ئەتراپتىكىلەردىن ھېيىقمىغانمىدۇ؟ سۈپۈرگە دېگەنغۇ كىچىككىنە بىر نېمە. لېكىن مۇشتۇمچىلىك قىزىل گۆشتىن ئادەم قىلىپ قويغان ئاتا-ئانىنىڭ تۇپراق بېشىنى سۈپۈرۈپ — پاكىزلەپ قويۇش — پەرزەنت ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىش!

رايىم قايتتى، مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۆيگە قايتتىم. ئۆيگە قايتتىممۇ، يولدىكى سالقىن ھاۋا، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان، ياپيېشىللىققا چۆمگەن ئېتىزلار مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. كاللامغا چىڭقىلىۋاتقان سەۋدانى توزۇتۇۋەتتى. يېڭىباشتىن يېنىكلەپ قالدىم. ئويلىدىمكى، تەبىئەتنىڭ سېھرى كۈچى چەكسىز ئىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن سەۋدا-سەپرا تۇتقاندا تەبىئەتكە يۈزلەن!

ھېلىقى سۈپۈرگە مەسىلىسى توغرىسىدا يېڭىباشتىن ئويلىنىپ باقسام، ئەمدى ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش بولۇپ چىقتى. مېنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ قەبرىسى سۈپۈرۈلمەي قالدى، بۇ — يامان ئىش، لېكىن ئوغرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسى سۈپۈرۈلدى، بۇ، ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟! ئالدىنقى يامان ئىش بولمىغان بولسا، كېيىنكى ياخشى ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايتتى، ئەلۋەتتە!

ئۆيگە كىرىپ كونا خاتىرىلىرىمدىن بىرىنى قولۇمغا ئالدىم. تۈنجى بەتتىكى قۇرلارنى كۆرۈپلا ياخشىلىق ئىزدەپ ئۇيەر-بۇيەردە چېپىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. خاتىرەمدە يەتكىچە تۇرۇپتۇ. دوستلىرىمغا ئەمدى مۇشۇلارنىمۇ قوشۇپ سوۋغا قىلىۋېتەي:

## بىرىنچى ھېكايە

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى قىشتا ناھىيىدىكى ئاساسلىق دېھقان ئەمگەك كۈچلىرى ناھىيە بازىرىغا 100كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان بىر تاغقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇنداق قاتتىق قىشتا ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق ئەمگەك «بەخت قۇرۇلۇشى» دەپ ئاتالدى. چۈنكى بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ توك مەسىلىسىدىكى قىسمەن قىيىنچىلىقلار ھەل بولماقچىدى.

بۇ قېتىمقى «بەخت قۇرۇلۇشى» ئېگىز تاغنىڭ تىك يان باغرىدا بولغاچقا، بەك خەتەرلىك ئىدى. ئۈستەڭ ئېلىنىۋاتقان جايدىن تۆۋەنگە شۇنداق قارايدىغان بولسا، مەن-مەن دېگەن يۈرەكلىك ئادەملەرنىڭمۇ بېشى قايىتتى. ئۈستى تەرەپتە ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى تاشلارنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ تىك تاغ يانباغرىدا ئۆزى بوشاتقان تۇپىلارنىڭ سىيرىلىپ كېتىشى بىلەن پەسكە چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. ناۋادا شۇنداق بوپقالسا، «ماددا يوقالماسلىق» تەك تەڭ نوپۇزلۇق قانۇنغا زىت بىرھادىسە كېلىپ چىقاتتى.

ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ شامىلى يىلىڭ تەنگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. دېھقانلار ئەتىدىن ئاخشامغىچە گۈرجەك چېپىپ، جوتۇ ئۇرۇپ بېلىنى ئالالماي قالاتتى. ئۇلارغا نەدە گۆش، نەدە تەييار چاي، نەدە ئىسسىق تاماق ۋە سوغۇقتىن پاناھلانغۇدەك ئىسسىق ئورۇن؟ ئاخشىمى چالا قاينىغان سۇغا كاكچىسىنى مىلەپ يەپ قىڭغايغىنىچە جايىدىلا ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇيقۇلا بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىردىنبىر راھىتى! ئېغىر ئەمگەك ئېزىۋەتكەن بۇ ئادەملەر شۇنداق تاتلىق ئۇخلايتتى. ئاخشىمى قانداق ياتقان بولسا، تاڭ سەھەردە شۇ پېتى ئورنىدىن تۇراتتى.

دېھقانلارنىڭ جېنىنى تۆمۈر دېسە بولىدۇ. «ئېشەكنىڭ كۈچى ھالال» بولغىنىدەك، دېھقانلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ھالال. قانداق چاغدا قانداق ئىشلەتسە، نەگە ئىشلەتسە «ھالال» لىقىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ. ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈستەڭ چېپىش، يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆڭ تۈزلەش، نۆركابېل قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئورەك كولاش... ھەممىسى قولىدىن كېلىدۇ. بېرىش-قايتىش كىراسىنى ئۆزى تۆلىسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ. قاچالمايدۇ ۋە مەسئۇل كادىرلارنىڭ قولىدا قامچا يوق، بىراق

جەرىمانە بار. ئۇنىڭ ۋەزنى قانچىدىنمۇ ئېغىر. دېھقان مانا شۇنداق قىسمەت ئۈستىگە تۇغۇلغان، مۇشۇنداق قىسمەت ئىچىدە ياشايدۇ. مۇشۇنداق قىسمەت ئىچىدە بۇدۇنيادىن ئۈن-تىنسىز غايىب بولىدۇ! . . . ئۇلار سوغۇق شامال جانغا ئىككەك سېلىپ تۇرۇۋىدىغان تاغ دالاسىدىكى ئېگىز-پەس تاشلىقنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە كىگىزنى سېلىپلا يېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تاش چېقىپ يېرىلغان قوللىرىغا دورا سۈركەپ تېڭىش ھاجەتسىز، سوغۇقتىن يېرىلغان پۇتلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىش ھاجەتسىز!

ئەنە قاراڭ: ئاۋۇ يەردە بىرسى دەريا سۈيىگە زاغرىسىنى چىلاپ يەۋېتىپتۇ. يالماپ-يالماپ تەستە يۇتقىنىدىن قارىغاندا، چىشى قالمىغان بولسا كېرەك. خېلىدىن بېرى تاغاق كۆرمىگەن ئاقۇش ساقىلى چاڭگىللىشىپ كەتكەن، لاتا كەشىنىڭ ئۈستىدىن سوغۇقتىن يېرىلغان، تاش يېرىپ زىدە قىلغان مۇدۇر-دوقۇر ئېتى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولى. . . ئاھ، بۇ قولمۇ ياكى تۆمۈرمۇ؟ بۇ، ئىنسانىيەتكە نان بەرگەن، ئىنسانىيەتكە ھاياتلىق بەخش ئەتكەن، بۇدۇنيانىڭ بارلىق زۇلۇم-زۇلمەتلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان قول! بۇ قول يەنە بىزگە توك ئاپىرىدە قىلىپ بەرمەكچى!

ئەمگەك - قولنىڭ كىرى. شۇڭا، دېھقان ئەمگىكى قەدىرسىز بولسا كېرەك. ئۇ، قولىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ «كىر» ئۈچۈن ھېچكىمدىن ھېچنېمە تەمە تۇتمايدۇ. ئۇ يارىتىدۇ - يۇ، باشقىلارغا مىننەتسىز بەخشەندە قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر يېقىن كەلگۈسىدە مۇشۇ ئەمگەك مېۋە بېرىپ، ئېلېكتر توكى پارلىسا، بۇنىڭ نەتىجىسىنى «تەييارغا ھەييار» بولۇپ تۇرغان ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قولىغا ئالىدۇ. قىممەت باھادا ساتىدۇ. ساتسىمۇ مەيلى ئىدىغۇ؟ بۇنداق توك قىس جايدا دېھقانغا بۇ ئامەت نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئاۋۋال پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانىلار، ئاندىن شەھەر ئاھالىسى. . . ئىجتىمائىيەت بەلگىلەپ بەرگەن ئادىل تەقسىمات مۇشۇ!

ئەمگەك باشلىنىپ 3-كۈنىلا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتكۈل ناھىيىدىكى ئىدارە-ئورگان، كارخانىلارنى قۇرۇلۇش ئورنىدىكى دېھقانلار ۋە كادىرلاردىن ھال سوراشقا تەشكىللىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مىسكىن تاغ باغرىنى ماشىنا - تراكتورلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى، ھال سورىغۇچىلارنىڭ سېخىي ۋە مەردانە كۆلكىلىرى بىر ئالدى.

شۇنچە ھەيۋەت بىلەن چىققان قوشۇننىڭ دېھقانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇدىغىنى - تەمىدىن كەتكەن بىرەردىن سوغۇق گۆش گىردە ياكى بىرەردىن كونا ئىشتان، ياكى بولمىسا دۇكانلارنىڭ سوغۇق ماللىرىدىن بىرەر جۈپتىن رېزىنكە چەملىك لاتا كەش، بىرەر جۈپتىن پەلەي. . . دېگەندەكلەر بولاتتى.

نامراتلىقتىن تىزى كۆرۈنۈپ قالغان مۇشۇنداق بىر ناھىيىدە مۇشۇنچىلىك قىلىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس! گەرچە ئۇلارنىڭ بەرگىنى ئاددىي ۋە ئاز بولسىمۇ، ئەشۇ سېخىي قوللارنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى - چوغدەك مېھىر-مۇھەببەت! كۆزلىرىدە پارلاۋاتقىنى - ئاشۇ قارلىق تاغ چوققىسىدەك يۈكسەك ئۈمىد!

بۇ قۇرۇلۇشقا بىر مۇئاۋىن ھاكىم مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ توك ياندۇرۇلغان مەخسۇس چېدىرى، ياتىقىنى سۇپۇرۇپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى سېلىپ - يىغىپ بېرىدىغان، تاماق ئېتىپ چاي قاينىتىپ بېرىدىغان، خۇشى تۇتسا چاقچاق قىلىپ ھۇزۇر ئالىدىغان چۆرىلىرى بار ئىدى. ياتىقىدىن قازان گۆشى، تونۇر كاۋىپى، چۆچۈرە، مانتىلار ئۆكسىمەيتتى. ھال سوراش ئۈممىكىنىڭ ئەزالىرى ھاكىمغا ئۆز كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ يەشىك - يەشىكلەپ ئالىي ھاراق - تاماكىلارنى، گۆش، ناۋات، قەنت-گېزەكلەرنى، ئالىي دەرىجىلىك قۇۋۋەت دورىلىرى ۋە نەچچە يۈز كويلاپ پۇللارنى قالدۇرۇپ كېتەتتى. ھاكىمنىڭ توققۇزى تەل، راھەتتى ئائىلىسىدىكىدىن ئارتۇق ئىدى. ئاخشاملىرى كۆڭلىگە ياققان بىرنەچچەيلەننى چاقىرتىۋېلىپ، مەست بولۇپ ئۆزىنى سەزمىگىچە ئىچىشۋازلىق قىلاتتى. بۇنداق زېمىندا تۇرۇپ دوزاقنىڭ رولىنى ئوينايدىغان يەرنىڭ جاجىسى شۇ ئەمەسمۇ؟ !

ئۇ، كەيپلىكتىن ئېغىرلاشقان كاللىسى بىلەن ئەتىسى ئەمگەك مەيدانىغا بىرەر قېتىم بارالىسا كاتتا ئىش ئىدى. قېلىن جۇۋىسىنىڭ يېڭىنى ساپماي گىدەيگىنىچە ئېگىز تەرەپتىن دېھقانلارغا كۆرۈنۈپ قوياتتى، كادىرلارنى قىچقىرىپ ئۇنى-بۇنى سوراپ، ئۇنى-بۇنى تاپىلاپ قوياتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تاغ ھاۋاسى ئۇنى بوزەك قىلدى: ئۆپكىدەك ئاق چىرايى قارايدى، سەل-پەل ئورۇقلىدى، ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرۇدىغان يۈزى كونا چورۇقتەك يىرىكلەشتى، كالپۇكىنىڭ بىر-ئىككى قات تېرىسى خۇددى قېتى بۇزۇلغان پەنەركە تاختىغا ئوخشاپ قالدى.

ئەنە، ئېگىزلىكتىن ئەيمىنىپرەك تۆۋەنگە قاراۋاتقان ئاۋۇ ئادەم - ھاكىم شۇ. ئۇ، توڭلىغاندەك قىلىدۇ، قولاقچىسىنى چۈشۈرۈۋاپتۇ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ مەھكەم يۆگىنىۋاپتۇ. ئارقا-ئالدىدا تۆت-بەش ئادەم تۇرىدۇ. ھاكىم تۆۋەندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بىرسىگە قولىنى جۇنۇپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

ھەي ئىسىت! ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ بولغىچە ئەگەشكۈچىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى.

ئەمما، تۆۋەندە ھاكىمنى كۆرۈپ قالغان بىر دېھقان ھاكىمغا ئىچ ئاغرىتىپ:

- بۇ ھاكىم بەك ياخشى - ھە ئاغىنىلەر، چىدايدىغۇ بىز بىلەن مەشەددە يۈرۈپ؟ - دېدى.

بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق يېرى بەك ياخشى جۇمۇ؟ !

## ئىككىنچى ھېكايە

ئوخشاشلا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ شۇ يىللىرى.

«بەخت قۇرۇلۇشى» پائالىيىتىنىڭ يائالدىدا، يا كەينىدە بولغان ئىش:

يەنە بىر مۇئاۋىن ھاكىم ئولتۇرغان پىكاپ گۈلباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى 315-نومۇرلۇق دۆلەت تاش يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋېتىپ، شۇ يېزىلىق بىر دېھقاننىڭ ھارۋىسىغا زەرب بىلەن ئۇستى. ھارۋا چۇل-چۇل بوپكەتتى. دېھقان ھارۋىدىن قاڭقىغانچە پىكاپنىڭ ئالدى ئەينىكىگە ئۇسسۇپ، ئەينەكنى چېقىۋەتكەندىن كېيىنمۇ دەردى چىقماي يەنە بىر موللاق ئېتىپ ئاندىن يەرگە چۈشتى. ئاچچىقى يامان بۇ دېھقان يەرگە چۈشكەندە ئاللىقاچان تىنىقىنى توختىتىۋالغانىدى.

ئىشنىڭ يامىنى پىكاپ ئىچىدە ئولتۇرغان ھاكىمغا بولدى، ئۇ قورقۇپ كەتكەنىدى. ھاكىم دېگەن قورقسا بولمايتتى. نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، ئۇ ھاكىم ئىدى! ھاكىمنىڭ قورققانلىقى ۋە دەرھال ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە گۈلباغ يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. دېھقاننىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ يەتتى. يېزىنىڭ سېكرېتارى ۋە باشلىقلىرىمۇ قورقۇپ كەتتى. سەۋەب - ھاكىم بۇ يېزىدا قورقۇپ كەتسە ھەرگىز بولمايتتى!

يېزا باشلىقلىرى قورقتى - يۇ، قورققان بىلەن ئەقىللىق ئىدى، ئىشلارنى دەل جايىدا بىر تەرەپ قىلاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە دېھقان بىلەن ھاكىمنىڭ سان جەھەتتىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. بۇخىل سېلىشتۇرما نىسبەت مۇناسىۋىتىدىن ئادەمنى شەكسىز قايىل قىلىدىغان كارامەت بىر نەتىجە ئايان بولدى: بەزىدە سان سۈپەتنى بەلگىلەيدۇ، بەزىدە سۈپەتساننى بەلگىلەيدۇ. سان ئارقىلىق قىممەت، سان ئارقىلىق باھا تېپىپ چىقىلىدۇ. دېھقان دېگەن نېمىتى. دېمىسىمۇ ، مىڭ دېھقاندىن بىرھاكىمچە «قىممەت» چىقمايتتى. بىر يېزىنىڭ توقسەن توققۇز پۈتۈن يۈزدىن توقسەن توققۇز پىرسەنتى دېھقان، يېزا دېگەندە دېھقاندىن تولا نېمە يوق. ھاكىمچۇ؟ يېزىدا ھاكىم بارمۇ؟ ناھىيىدە ئاران بىرنەچچىسى بار. يېزىمىزدا 30 مىڭ دېھقان بار، دېسەك، كۈندە بىرسى ئۆلسە 83 يىل ئۆلۈشكە يېتىدۇ. بەش ھاكىم دېگەن ئىككى كۈندە بىرسى ئۆلسىمۇ ئون كۈندە تۈگەپلا قالىدۇ! شۇنداقمۇ تەڭسىز زامانغۇ بۇ؟ بىر يېزىنىڭ دېھقىنى كۈندە بىرسى ئۆلۈپمۇ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت يەتسە، بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئىككى كۈندە بىرسى ئۆلۈپمۇ يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تۈگەپ كەتسە!

ماتېماتىكىلىق دەلىللەش - ئەڭ مۇكەممەل دەلىللەش! بۇنىڭغا سارائىمۇ قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېزا باشلىقلىرى دەرھال ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللىدى. زاپخوز، كاسسىر دېگەنلەرنى تەرەپ-تەرەپكە چاپتۇرۇپ لازىملىقلارنى ئەكەلدۈردى ۋە شۇ ھامان ماشىنىلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى.

كېسەلخانىدا مۇئاۋىن ھاكىم خىرامان ئولتۇراتتى، چىرايىدىمۇ ئۆزگىرىش يوق ئىدى. يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ شۇنچە تېز ۋە شۇنچە مول كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلدى.

يېزا باشلىقلىرىمۇ كۈلدى!

- شۈكرى! - دېيىشتى ئۇلار خۇددى ئۈستىدىن بىر تاغنى ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللىشىپ. ئاندىن ئۆز ئىچىدە پىچىرلىشىۋالدى: «ھاكىم ھەرھالدا تازا قورقۇپ قالمىغاندەك-ھە؟»

- بىزنىڭ ھاكىم ھەم يۈرەكلىك، ھەم ياخشى، ئۈنچىلىك ئىشلارنى پىسەنتىگە ئېلىپ يۈرمەيدۇ، - دېدى بىرەيلەن ئۈنلۈك قىلىپ.

بۇ قېتىم ھەممىسى كۈلۈشتى.

بىزنىڭ كادىرلىرىمىزمۇ بەك ياخشى جۇمۇ!

2000-يىل 30-ئىيۇل، چىرا

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

---

ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەشر ئەپكارى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن خەنزۇ يېزىقىدىكى نەشرئەپكارى «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر، خەت، پۇل چېكى، تۇرلۇك ئالاقە،كىتاب-ژۇرنال، ماتېرىيال ئەۋەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئادرېسىمىزنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72-قورۇدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

乌鲁木齐市团结路 72 号《新疆文化》杂志维文编辑部收

ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە - دەپ يېزىشنى ئۈمىد قىلىمىز. پوچتا نومۇرىمىز:830001

كامالى ئېھتىرام بىلەن:«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



## مەخسۇس خەۋەر

# ئۇلغار مەدەنىيەتنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە قەشقەردە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى

### رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋە مەكىتتە بولتۇر 13-نويابىردىن 16-نويابىرغىچە يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ،ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ساغلام ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش لازىم.يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق ۋەكىل مەكىتنىڭ دولان مەشرىپى، دېھقان رەسساملار، دېھقانلار ئەدەبىي ئىجادىيىتى بويىچە نەمۇنىلىك ئۇچ «مىللىي خەلق سەنئىتى يېزىسى»نىڭ يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆردى، يەنە مەكىت ناھىيە يانتاق يېزىسىنىڭ 41-نۆۋەتلىك دېھقانلار مەدەنىيەت بايرىمىغا قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر بارغانلا يېرىدە بىر تەرەپتىن، خۇشھال ھالدا ئورۇندالغان نومۇرلارنى كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى سوراپ تۇردى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭدىن ھالقىپ دۇنياغا يۈزلەنگەن مەكىت دېھقانلار رەسساملىرىغا يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئۇلارنى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە نەمۇنىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ شانلىق بوستانلىق مەدەنىيىتى يارىتىشقا رىغبەتلەندۇردى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 16-نويابىر چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ئىلغار، ئىلمىي بولغان ئىدىيە، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ ھەرخىل ئىدىيە،مەدەنىيەتلەرنىڭ ئېلىشىشى كەسكىن

بولۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا مول مەزمۇنلۇق ،خىلمۇ خىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ ، ئىلغار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى،ئالايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرىپى، قازاقلارنىڭ ئاقىنلار ئېيتىشىشى، موڭغۇللارنىڭ نادام بايرىمى، خۇيزۇلارنىڭ گۈل ناخشىسى، قىرغىزلارنىڭ قومۇز ئېيتىشىشى قاتارلىق قويۇق مىللىي تۈس، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە ئاممىنىڭ ئارزۇسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەرقلەر زور، يەنە بىر مۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

ھەردەرىجىلىك تەشۋىقات، مەدەنىيەت، رادىئو - تېلېۋىزىيە، ئاخبارات - نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار كونكرېت تەدبىر ۋە چارە تۈزۈپ چىقىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، يېتەكلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاممىۋى سەنئەت يۇرتلىرى، مەدەنىيەت يۇرتلىرى، كۇتۇپخانىلار، مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە تۈرلۈك سەنئەت مەكتەپلىرى،كەسپىي ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش قاتارلىق خىلمۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى؛ يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ مول، خىلمۇخىل ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرىنى توپلاش، قېزىش، رەتلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ،بۇ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ،قىممەتلىك ئىلمىي، ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئالدۇرۇشى ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇھىم شەكلىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجابىي، ساغلام، يۈكسەك مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت ئاممىسىنى يېتەكلەپ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى جانلىق، رەڭدار، جۇشقۇن، مول مەزمۇنلۇق قانات يايدۇرۇش لازىم.

ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، يېزىلاردا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش لازىم. ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى ئېنىق بولغان ۋە ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا،ياخشى ئىشلەش لازىم. چوقۇم«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا-قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىنلىقى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، يېزا-قىشلاقلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يېزىلاردا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئۇلۇغ مەدەنىيەت»قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىرلىكتە تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇپ، بىر پۈتۈن بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەپ، ئىلغار ئىلىم-پەن بىلىملىرى ۋە ئىلمىي ئىدىيە ئارقىلىق دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇپ، سىياسەتنى قاتتىق ئىگىلەپ، خىزمەت ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش لازىم.

يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەمتىمىن زاكىر، چېن دېمىنلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 200دىن ئارتۇق ۋەكىل بىلەن بىرلىكتە قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى تۇنجى قېتىم ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «قەشقەر»نى كۆردى.

**- فۇيەن**

---

ماۋزۇ سۈرەتتە: رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت دولان ئۇسسۇلچىلىرى بىلەن كۆرۈشمەكتە. لى يۈڭ فوتوسى(M2)



# ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەدەنىيەت ـ ئەنئەربىيە ئۇچۇرلىرى

**(2001-يىل ئىيۇلدىن دېكابىرغىچە)**

● ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بۇرۇقتۇرمىلىق، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن ئويلىغان ياش ئەدىب، ژۇرنالىست، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەركىن نۇر ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلغان «يېڭى ئەسىردىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە تور بېتى» ناملىق ماقالىسىدا ژۇرنىلىمىز ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئۆتكەنكى بىر ئەسىرلىك مۇساپىمىزگە نەزەر سالغىنىمىزدا، مەيلى جۇڭگو ئەدەبىياتى بولسۇن ۋەياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولسۇن، يەنىلا 1980-يىللارغا سېغىنىمىز. چۈنكى بۇچاغ ( بارچە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش ) تەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن، ھەممە بىردەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ھەرجەھەتتىن ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ھەربىر يازغۇچى، شائىر، ھەربىر ئوقۇرمەن قەلبىدە ئەدەبىياتقا چىن ئىخلاس بىلەن مۇھەببەت باغلىغان سەنئەت دەۋرى بولغانىدى؛ مۇشۇ يىقىدىن ئالغاندا بۇ دەۋرنى پەقەت جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئەدەبىيات دەۋرىگىلا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. ھالبۇكى، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ،بىز يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ئۆزىمىز كۆتكەندىن ئەكسىچە بىرخىل ئەدەبىي يىگىلەش ياكى ئەدەبىي سولغۇنلۇق ھېس قىلماقتىمىز. بۇرۇنقى ئەدەبىي قىزغىنلىق،ئەدەبىياتقا بولغان بۇرۇنقى چوڭقۇر مۇھەببەت،بۇرۇنقى قايناق ئەدەبىي بەھس - مۇنازىرە، بۇرۇنقى كەڭ كۆلەملىك ئەدەبىي مۇھىت ،بۇرۇنقى تۇمەنلەپ تىراژ ۋە ئايغى ئۇزۇلمەي كېلىدىغان ياخشى ئەسەرلەر ئېقىنى. .. ھېچقايسىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ.گېزىت-ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى ۋە تىراژى كۈنسايىن چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نەچچە يۈز مىڭلاپ تىراژى بار بولغان نى-نى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ تىراژى بىراقلا ئۈچ-تۆت مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئەدەبىيات ،جۈملىدىن ئەدەبىي ژۇرناللار ھەرجەھەتتىن خۇددى «تاشلاندۇق» باللدەك يېتىمسىراپ، غېرىبسىنىپ قالدى. پەقەت بەزى قىسمەن ژۇرناللار،ئائىلىۋى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» گە ئوخشاش ئۇنۇۋېرسال ۋە قۇرۇلمىسى ئىنچىكە بولغان ،باشتىن ئاخىر كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەنگەن ژۇرناللارلا بۇنداق سىرىقتال قىسمەتكە پەسەنت قىلماي، يەنىلا ئۆزىدىكى مەتانەتنى ساقلاپ قەد كېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭنىسى، دىيارىمىزدا بۇنداق ژۇرناللاردىن يەنە بىرنى كىممۇ ساناپ بېرەلىسۇن؟! ...

بۇ يالغۇز شىنجاڭدىكى ئەدەبىي ژۇرناللارلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو بويىچە ھەرقانداق بىرئەدەبىي ژۇرنال يولۇققان بىر ئورتاق قىسمەت! بۇھال شۇ ژۇرنالدا ئىشلەۋاتقان ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنى ئازابلىماي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مۇھەررىرلەر، ژۇرنالىستلار بارلىق چارە-ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ژۇرناللىرىنى قۇتقۇزۇشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇنماقتا».

— رىسالەت مۇھەممەت

● 6-ئىيۇل شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىدىكى ھەرمىللەت رەسساملىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئىجاد قىلغان 200پارچىدىن كۆپرەك ئەسىرى قويۇلدى.

— ئامىنە ئابدۇرېشىت

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەققىدىكى 2001-يىللىق مۇھاكىمە يىغىنى 4-ئىيۇل ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىن مابەت تۇردى قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بىرىلدىن بۇيان ئىشلىنىۋاتقان تەتقىقات تېمىلىرى،شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا توختالدى.

يىغىندا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى ليۇبىڭ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئىمىن ئەھمىدىي ،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانى، شۇنداقلا مىللىي ئەدەبىيات قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ماھىرە مەمتىمىن

● «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50يىللىقى 2-ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى.

تەبرىكلەش يىغىنىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى

كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان قاتناشتى.

تەبرىكلەش يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت سۆز قىلدى ھەمدە «مۇبارەك (تارىم) قۇتلۇق توييۇڭغا» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

يىغىندا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن سېكرېتار ئىسمائىل تىلىۋالدى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. يىغىندا «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، «ئالتۇن توي» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 12 پارچە ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرى مۇكاپاتلاندى.

تەبرىكلەش يىغىنىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە نۇرغۇن ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان ئەدىبلەر، تۆھپىكار مۇھەررىرلەر، ئاتاقلىق تەتقىقاتچىلار، تەرجىمانلار، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇھەررىرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتناشتى.

ـ مۇنەۋۋەر تۇردى

● يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدىكى ئەدەبلەر مەرىكىسى 11-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش يىغىنى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 8-نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى 20-ئاۋغۇست خوتەندە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 150 تىن ئارتۇق يازغۇچى ـ شائىر قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد يىغىنغا كېلىپ يازغۇچى ـ شائىرلارنى يوقلىدى ۋە «بۇرچىمىزنى ئەستە تۇتۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئىسمائىل ئەھمەدكە ھەمراھ بولۇپ خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن «ئاق كەپتەر»، «ئايتولۇن»، «ئۇيغۇر گىلىمى» قاتارلىق 29 پارچە ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات ئاپتورلىرى مۇكاپاتلاندى.

ـ ئىلھام جاپپار

● شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى 2001 ـ يىل ئىيۇن ۋە ئىيۇلدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 35 شەھەر، ناھىيە، يېزىدا 50 قېتىم ئويۇن قويۇپ، تاماشىبىنلار نەچچە يۈز مىڭدىن ئاشتى. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ ئۆمەك تەركىبىدە بارلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەڭ چەت يېزا-قىشلاقلاردىنمۇ ئويۇن مەيدانىغا سەلدەك ئاقتى. ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان مىڭلىغان ئاما خەلقنىڭ بۇ پەخىرلىك ئوغلانىنى قەدىرلەپ ۋە ئىززەتلەپ، ئۇنى دەستە-دەستە گۈللەرگە ئورىۋەتتى.

ـ ئامىنە ئابدۇرېشىت

● ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن مېيىپ ياش مۇراتجان روزى قەتئىي ئىرادىسى ۋە جاپاغا چىداش روھى بىلەن 4000 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ۋېلىسىپىت بىلەن 22 كۈندە تاماملاپ، بېيجىڭغا باردى.

ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان مۇراتجان روزى ئىككى ياش ۋاقتىدا ئۇستىخان يۇمشاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، سول پۇتى مېيىپ بوپقالغانىدى. 6-سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى ۋە كېيىنچە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ كىچىكىدىنلا تەنھەرىكەتكە ئامراق بولغاچقا، چامى يەتكەن ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇردى. كېيىنچە ئۇنىڭدا ۋېلىسىپىت بىلەن بېيجىڭغا بېرىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بېيجىڭ شەھىرى 2008-يىلىدا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەيتى يېتىپ كەلدى، دەپ قاراپ، تەييارلىققا كىرىشتى ۋە ۋېلىسىپىتلىك تورپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەشىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك سەپىرىنى قوللاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى يۈسۈپ ئىمىن، سەمەت ئىسكەندەر، ئادىل ياسىن قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچىلەر ئۇنىڭغا تەنھەرىكەت كىيىمى ۋە پۇل ئىئانە قىلدى.

مۇراتجان روزى 8-ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. 4000 كىلومېتىرلىق جاپالىق سەپەر بۇ مېيىپ ياشنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. ئۇ يولبويى يەتكىچە جاپا تارتتى، بەزىدە ئاچ، بەزىدە قونالغۇسىز قالدى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جياڭيې شەھىرىگە ئاز قالغاندا، ئۇچ بۇلاڭچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، 800 يۈەن پۇلىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇ، يېنىدا قالغان ئازغىنە پارچە پۇل ۋە يېمەكلىككە تايىنىپ، مىڭبىر جاپادا شىئەنگە بېرىۋالدى ۋە شۇيەردىكى يۇرتداشلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ 30-ئاۋغۇستتا بېيجىڭگە يېتىپ باردى.

مۇراتجان روزى كېيىنكى پىلانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: تۇنجى قەدەمنى غەلىبىلىك باستىم، ئەمدى تەييارلىقنى تېخىمۇ پۇختا قىلىپ، كېلەر يىلى پۈتكۈل جۇڭگونى ۋېلىسىپىتلىك ئايلىنىپ چىقىشقا تىرىشىمەن.

ـ ئىلھام ئىمىن

● 15-سېنتەبىر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسىدىن يىگىدىن يېتىشىپ چىققان ياش دارۋاز غوجىئابدۇللا روزى قاراقۇم تېغىدىكى تاتلىقسۇ جىلغىسىنىڭ 1680 مېتىرلىق ئارىلىقىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن 29 مىنۇت 57 سېكۇنت 38 دەقىقىدە ئۆتۈپ، ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ شۆھرىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

بۇ كۈنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئۇلۇغئاتا چوققىسى بىلەن تاتلىقسۇ چوققىسى ئارىسىغا جايلاشقان تاتلىقسۇ جىلغىسى قايىنام تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن 50 مىڭغا يېقىن ھەرمىللەت تاماشىبىن دارۋاز غوجىئابدۇللا روزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە غوجىئابدۇللا روزى تاماشىبىنلارنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ، ئۇزۇنلۇقى 1680 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 450 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىغا تاتلىقسۇ چوققىسى تەرەپتىن چىقىپ، سالماق قەدەملەر بىلەن 29 مىنۇت 57 سېكۇنت 38 دەقىقىدە ئۇلۇغئاتا چوققىسىغا غەلىبىلىك يېتىپ باردى. نەق مەيداندا قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى 5000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى، تاماشىبىنلارمۇ بەس-بەستە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى.

24 ياشلىق غوجىئابدۇللا روزى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى توزاقچى كەنتىدىن بولۇپ، كىچىكىدىنلا

دارۋازلىققا ئىشتىياق باغلىغان،12يېشىدىن باشلاپ دارۋازلىق مەشقىنى باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئۆتكەن ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولتۇر ئادىل ھوشۇر خېڭشەن تېغىدىن ئۆتكەندىكى ئارىلىقتىن 281مېتىر ئۇزۇن،ئېگىزلىكمۇ ئادىل ھوشۇر ئۆتكەن ئېگىزلىكتىن 14مېتىر ئېگىز.

- مۇنەۋۋەر ياسىن

● 2001-يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرى سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسىدىكى مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ھەرمىللەت ساياھەتچىلىرىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

ئۈزۈم سەيلىسى باشلانغاندىن بۇيان شەھەر مەركىزىدىكى ساياھەت – مەدەنىيەت مەيدانى ،بۈيلۈق ساياھەت باغچىسى، كارىز سەيلىگاھى، كارىز مىللىي ئۆرپ-ئادەت باغچىسى ،تۇرپان مېھمانسارىيى ۋە پىچان ناھىيىسىدىكى قۇمتاغ باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ھەركۈنى دېگۈدەك مول مەزمۇنلۇق سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى. تۇرپاندىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئورۇندىغان نومۇرلار ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپلا قالماي ، سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە داڭلىق ئارتىستلار ئورۇندىغان يۇقىرى سەۋىيىدىكى سەنئەت نومۇرلىرى تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. «بۈيلۈقتا جەم بولۇش» ،«تۇرپاندا ئۈزۈم پىشتى» قاتارلىق چوڭ ھەجىمدىكى سەنئەت نومۇرلىرى ۋە شىنجاڭ بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار ھەرمىللەت ئاممىسىنى سۆيۈندۈرۈپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقلىدىي توي مۇراسىمى ،چاچ ئۆرۈش مۇسابىقىسى، خوراز سوقۇشتۇرۇش، 1000كىشىلىك قۇمتاغقا چىقىش مۇسابىقىسى،ھۆسن خەت، رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەردە يېپەك يولى مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت گەۋدىلەندۈرۈلگەچكە،ساياھەتچىلەرنى قالتىس جەلپ قىلدى.

- سائىتار رەقىپ

● بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن، 11كۈن داۋاملاشقان، 25-سېنتەبىر كەچتە ئاياغلاشقان مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەر 2-نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ۋەكىللەر ئۆمىكى 26تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئەڭ كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى.

بۇ قېتىمقى كۆرەكتە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى «تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا، ئۇيغۇرچە مۇزىكا - ئۇسسۇللۇق داستان« دولان چېچەكلىرى» «ئورۇنداش ئالتۇن مۇكاپاتى» ۋە «ئىجادىيەت ئالتۇن مۇكاپاتى»غا، چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» «ئورۇنداش ئالتۇن مۇكاپاتى» ۋە «نەپىس ئۇسسۇل ئالتۇن مۇكاپاتى»غا، «نازىركوم» ،«تەخسە ئۇسسۇلى» 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا،«تۇرپان ئۈزۈمى پىشتى» ، «شىنجاڭدا باھار» ،«سۆيگۈ مېلودىيىسى» ،«يىلقىچى بالا» قاتارلىق نومۇرلار 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا،«قوڭغۇراق ئۇسسۇلى» ،«گۈزەل» ،«شادلىق» ،«بەختلىك داغدام يولدا ئالغا باسىمىز» قاتارلىق نومۇرلار 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دىلنار ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان، جۈرئەت مامۇت، ئەلىجان روزىلار «مۇنەۋۋەر ئارتىس» مۇكاپاتىغا، تاھىر مامۇت، نۇرگۈل غوپۇر، تاھىر تۇرغۇن، ئامانگۈل، رەنا، جاينالار «يېڭى چولپان» مۇكاپاتىغا،ئوتانبېك،ئايتۇرسۇن،ماكا، قەلبىنۇر،ۋەن لى، جاڭ خۇاچيەنلەر «تۆھپىكار» مۇكاپاتىغا، لۇ جيەن، دەۋران جامالىدىن، جاڭ خۇيىن،دىلمۇرات، خې رۇيلەن، ئەركىن قۇتبىدىن، ئەخمەتجان ئىمىنلار «ئىلغار خىزمەتچى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

- گالىيە قادىر

●25-سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى «خەلق» مەيدانى قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى،گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقىنىڭ ئەلچىلىرى – مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن ھال سوراپ قويۇۋاتقان «گۈزەل شىنجاڭ» ناملىق ئويۇنى بۇيەرنى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدۈردى.

ئويۇن باشلىنىشتىن ئاۋۋال قىسقىغىنە قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئىسمائىل تىلىۋالدى قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يوللىغان سالىمىغا رەھمەت ئېيتتى،«قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، زامانىۋىلاشقان، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى خۇئېن سۆزگە چىقىپ، ئۆمەككە ۋاكالىتەن شىنجاڭ خەلقىگە ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى پۈتكۈل مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇراسىمدا يەنە خۇئېن بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھتىمىن زاكىر ئۆزئارا لەۋھە تەقدىم قىلىشتى.

قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ۋۇدۇنفۇ «قەلبداشلار»سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھال سوراش ئويۇنىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ چاغدا، ئۆزگىچە بېزەلگەن سەككىز بېزەك ئاپتوموبىل «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارتىسلىرىنى ئېلىپ، سەھنىنىڭ قارشى تەرىپىدىن مەيدانغا كىرىپ كەلدى، پۈتكۈل مەيدان قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. ئاتاقلىق ناخشىچى پېڭ لىيۈەن «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ناخشىنى باشلىشى بىلەن تەڭ سەھنىدىكى ۋە مەيداندىكى ھەرمىللەت ئارتىسلار تەڭلا شوخ ئۇسسۇلغا چۈشتى...

ئىككى يېرىم سائەتكە يېقىن داۋام قىلغان ئويۇن داۋامىدا، پۈتكۈل مەملىكەتكە تونۇلغان ناخشىچىلار، كۈلدۈرگە-كومېدىيە ئارتىسلىرىنىڭ تاماشىبىنلارغا تونۇشلۇق نومۇرلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا - كۈلدۈرگىلىرى مەيداندىكى ئون نەچچە مىڭ تاماشىبىننىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئالقىش سادالىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە، شۇنداقلا «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىدى.

- ئابلىلىم ئەزىز

● مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش، تالانتلىق ئۇسسۇلچىسى رەنا ئابدۇكېرىم «ئۇزۇمزارلىقتا» ناملىق ئۇسسۇلنى ئويناپ 2 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مۇسابىقە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھرىدە 12 كۈن داۋاملاشتى. مۇسابىقىگە 1200 ئارتىس، 148 نومۇر قاتناشتۇرۇلدى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئامانگۈل سىددىق ئەسقەر رېقىپ بىلەن «چۇقان» ناملىق ئۇسسۇلنى ئورۇنداپ 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، ئەسقەر رېقىپ مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، «ئۇزۇمزارلىقتا» نىڭ ئىجادىيەتچىسى كۈرمىش رەجەپ 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

- ئامىنە ئابدۇرېشىت

● باتۇر ئۇيغۇر قىزى گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا 17 - ئۆكتەبىر «ھالاكەت دېڭىزى» تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلدى ۋە بېيجىڭنىڭ 2008 - يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەبرىكلەش ئارزۇسىغا يەتتى.

گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا 1 - ئۆكتەبىردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىن يولغا چىققان بولۇپ، قۇملۇق تاشيولىنىڭ 100 مېتىر ئېچكىرىسىدە يۈگۈرۈشنى باشلىغان. ئۇ، يولبويى نورغۇن قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسىمۇ قىلچە ۋايىسىماي سەپىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ۋە 17 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت 8 دىن 53 مىنۇت ئۆتكەندە 536 كىلو مېتىرلىق ئومۇمىي مۇساپىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئاخىرقى نۇقتا بۇگۇر ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەن.

- ئىلھام ئىمىن

● خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر 25 - ئۆكتەبىر خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭياڭ شەھرىدىكى نەنيۆ تېغىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 260 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 66 مېتىر، يانتۇلۇقى 31 گرادۇس كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 5 مىنۇت 36 سېكونتتا ئۆتۈپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى.

ئادىل ھوشۇرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، شۇ كۈنلەردە نەنيۆ تېغىدا توختىماي يامغۇر يېغىپ، پولات ئارغامچىنى ھۆل قىلىۋەتكەچكە، بىخەتەرلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ 45 گرادۇسلۇق يانتۇلۇقتىكى پولات ئارغامچا 31 گرادۇسقا چۈشۈرۈلگەن. 25 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 2 دە ئادىل ھوشۇر پولات ئارغامچا ئۈستىگە چىققان، ئۇ ئارغامچا ئۈستىدە ھەرخىل قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ، ئاخىرقى نۇقتىغا ئۈچ مېتىرچە قالغاندا قولىدىكى تەڭشىكى ياندىكى دەرەخ شېخىغا ئۇرۇلۇپ كېتىپ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويۇپ، ئارىلىقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدىغان يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىنى زەخىملەنمىگەن. ئۇ دەرھال پولات ئارغامچىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا بېرىپ، قايتىدىن ئارغامچىغا چىققان ۋە 5 مىنۇت 36 سېكونتتا ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان. دۇنيا جىننىس رېكورتى شاڭخەي باش شتابىدىن كەلگەن خادىملار نەق مەيداندا ئۇنىڭغا دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىق گۇۋاھنامىسى بەرگەن. بۇ، ئادىل ھوشۇرنىڭ 3 - قېتىم دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىشى ھېسابلىنىدۇ.

- ئىلھام ئىمىن

● داڭلىق رەسسام، خەتتات ئابدۇشۇكۈر كېرىمنىڭ ماي بوياق رەسسىم، ھۆسن خەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى 2 - نويابىر چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدا ئېچىلدى.

ئابدۇشۇكۈر كېرىم 1981 - يىلى «ئۇدۇم قالدۇرۇش» ناملىق تۇنجى ماي بوياق ئەسىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «كۆك مەشرىپى»، «سەنئەتكارلار»، «دېھقان» قاتارلىق ماي بوياق رەسىملىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رەسىم كۆرگەزمىلىرىدە 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «كۆك مەشرىپى» ناملىق ماي بوياق رەسىمى تۈركىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق نەۋرۇز فېستىۋالىدا يىغىن گېربى قىلىندى. بۇ كۆرگەزمىگە ئۇنىڭ 33 پارچە ماي بوياق رەسىمى، 24 پارچە ھۆسن خېتى قويۇلدى.

- مېھرىئاي ياقۇپ

● خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدىن ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىم 7 - نويابىر چۈشتىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس تۈرى بويىچە 75 كىلوگراملىقلار ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى ئىچكى موڭغۇللۇق لى گوجۇن بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، پۇختا مۇداپىئە، كۈچلۈك مۇشتىغا تايىنىپ لى گوجۇننى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇب قىلىپ 11 گە قارشى 18 نەتىجە بىلەن شىنجاڭ كوماندىسى ئۈچۈن بوكس تۈرىدە بىرىنچى ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى.

- رىسالەت مۇھەممەت

● «يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (گۈلزار) مۇكاپاتى» نى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى 20 - نويابىر ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن تالانتلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر شەرەپ بىلەن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاۋات ناھىيىسىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى مامۇتجان داۋۇتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇل بولۇپ تەسىس قىلغان «گۈلزار مۇكاپاتى» دا بىر يىلدا بىر ئەدىبنى، يەنە بىر يىلدا ئىككى پارچە ئەسەرنى باھالاش بېكىتىلگەن. باھالاش تەشكىلىي ھەيئىتىدىكىلەر ئۈچ نامزاتنى قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، گېزىت يۈزىدە ئاممىنىڭ رايىنى سىناش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەش ئارقىلىق «گۈلزار مۇكاپاتى» نىڭ «تۆھپىكار مۇكاپاتى» نى ھەققانىي، ئادىل باھالاپ چىقتى.

ئىزدىنىش روھىغا باي تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر 1988 - يىلى «سارالڭ» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە زور داغدۇغا قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ھېكايىنىڭ تەبىئىي راۋاجى بولغان «بورۇت ماجىراسى»، «قىرلىق ئۇستاكان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. يازغۇچىنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان «قۇم باسقان شەھەر»

رومانى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ يېڭى پەللىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ «بۇ چۈش ئەمەس»، «بۇرۇت ماجىراسى» قاتارلىق توپلاملىرى ۋە ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، «ئۇستازىم» ناملىق ھېكايىسى، «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستى، «ئۈلۈككە خەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، بەش پارچە ھېكايىسى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

**- مېھرىئاي ياقۇپ**

● 23-نويابىردا ئۈرۈمچىدىكى 100دىن ئارتۇق مەكتەپداش ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان ئۇستاز، ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ 70ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ ئۇنىڭغا تون كىيگۈزدى.

خەمىت تۆمۈر ئەپەندى 1954-يىلى سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن تارتىپ 1992-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگىچە بولغان 40يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يازغان «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم تەتقىقات ماقالىلىرى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ جانلىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە قىسمى) تىلىمىزدىكى ئۇزاقتىن بۇيان ھەل بولماي كەلگەن كېلىش، زامان، راي، تۈس كاتېگورىيىلىرىگە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەرگە ۋە تىل ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزنىڭ توغرا ئىزغا سېلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيەنە چەتئەل تىلشۇناسلىقىنىڭ «قۇرۇلمىچىلىق»، «ئانالىتىك مورفولوگىيە» نەزەرىيىسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەدبىقلاش جەھەتتىمۇ زور ئۇتۇق قازاندى. «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» قاتارلىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئورۇندىلىشىنىمۇ ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارغا ئائىت قەدىمكى تەۋەررۈك ئەسەرلەرنى قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىش، ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشتا سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان؛ دۇنياغا مەشھۇر كلاسسىك رومان «روبىنزوكروزو» ۋە باجىنىنىڭ «ئائىلە» گە ئوخشاش نادىر رومانىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ پېشقەدەم ئالىم 1997-يىلى پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي داۋاملىق تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

**- ئەركىن ئابدۇجېلىل**

● 18-دېكابىر چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو شىركىتىدە ،شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە 2001-يىللىق «ياسوتاكى كوچىما (شياۋداۋكاگيۇ) مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىغا ئىزچىل ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ياپونىيىلىك دوست ئەرباب، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى ياسوتاكى كوچىما ئەپەندى قاتارلىقلار قاتناشتى.

مۇراسىمدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ئاخبارات - مەدەنىيەت باشقارمىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن كوللېكتىپ «ياسوتاكى كوچىما مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» غا، شىنجاڭ كۇسەن تاشكېمىرلىرى تەتقىقات ئورنى كوللېكتىپ «ياسوتاكى كوچىما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» غا، شەخسلەردىن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۈمىكىنىڭ باشلىقى ئەركىن قۇتبىددىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن قاتارلىق يەتتە كىشى «ياسوتاكى كوچىما مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» غا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل قاتارلىق توققۇز كىشى «ياسوتاكى كوچىما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

مۇراسىمدا يەنە ياسوتاكى كوچىما ئەپەندى نەق مەيداندىلا 300مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى (نەق پۇل) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىغا بەردى.


شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە ياسوتاكى كوچىما ئەپەندى 1999-يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن ھەر يىلى 100مىڭ يۈەندىن ئون يىلغىچە بىرمىليون يۈەن خەلق پۇلى چىقىرىپ «ياسوتاكى كوچىما مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىشلىرى بويىچە مۇنەۋۋەرلىك مۇكاپاتى» تارقىتىش توغرىسىدا كېلىشكەنىدى. **- ئامىنە ئابدۇرېشىت**

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەردە ئاچقان يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى مەزگىلىدە - 16-نويابىردا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ شۆھرەتلىك خەلق شائىرى، جامائەت ئەربابى، مەرھۇم روزى سايىتقا ئاتاپ يازغان چوڭ ھەجىملىك خاتىرە ئەسىرى «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» گە يۇكسەك باھا بەردى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت چاۋار ئارقىلىق يازغۇچىغا ئالاھىدە سالام ئېيتتى.

**- رىسالەت مۇھەممەت**

● 2000-يىلى شاڭخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابى تەرىپىدىن «يېشى ئەڭ كىچىك فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرغۇچى» دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان بەش يېرىم ياشلىق ئۆسمۈر ئەختەمجان ئەنۋەر 2001-يىلى يەنە بىر جىننىس رېكورتى ياراتتى. 2001-يىلى 31-دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئەختەمجان شاڭخەي دۇنيا جىننىس رېكورتى باش شتابى بەرگەن «يېشى ئەڭ كىچىك، كومپيۇتېر ئەمەلىي تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىمتىھاندا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكۈچى» دېگەن گۇۋاھنامىنى تاپشۇرۇۋالدى.

**-ئابلىبلىم ئەزىز، گۈلزار مۇھەممەت(M2)**



# 106 ياشلىق قۇربان بوۋاي ھەققىدە پاراڭ

ۋاڭ لىشيۇڭ

بۇ مەن شىنجاڭدا ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىش بولۇپ، ئاسانلا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئەسكە سالىدۇ، لېكىن ئۇ بۈگۈنكى جۇڭگودا راستىنلا بولغان.

«غەربكە ساياھەت» تە تاڭ سېڭنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە غەربكە نوم ئالغىلى كېتىۋېتىپ ئاياللار پادىشاھلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، جۇباجېينىڭ ئانا - بالىلار دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قويۇپ، ھامىلدار بوپقالغانلىقى توغرىسىدا بىر چۆچەك بار. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدە ئانا-بالىلار دەرياسى - مىرەن دەرياسى دېگەن بىر دەريا بار. ئۇ دەريا قەدىمكى كرورەن خانلىقىنىڭ مەركىزى مىرەن قەدىمي قەلئەسىدىن ئۆتىدۇ، يېنىدىكى مىرەن بوستانلىقى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈدىغان 36-پولكى جايلاشقان يەر. 36-پولكنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىدە لاۋخۇڭ - لاۋخۇڭ دېيىلىدىغان بىر ھەۋەسكار ئارخېئولوگ بار. ئۇ ماڭا ئۆز زامانىسىدىكى كرورەننىڭ پادىشاھى ئايال بولغاچقا، كرورەن خانلىقى ئاياللار پادىشاھلىقى دەپ رىۋايەت قىلىنغىنى بويىچە «غەربكە ساياھەت» كە يېزىلىپ كەتكەن، ۋۇچېڭئېننىڭ قەلىمى بىلەن تەسۋىرلەنگەن ئانا-بالا دەرياسى بىلەن ھازىرقى مۇشۇ ئوخشاش نام بىلەن ئاتىلىدىغان دەريا (مىرەن دەرياسى) دەل بىر دەريا، دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى.

## ئاچچىق كۈلكىلەر

## مىرەن دەرياسى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدىغان دەريا

«غەربكە ساياھەت» تە ھېكايە قىلىنىدۇكى، ئانا-بالا دەرياسىنىڭ سۈيى «بالا تۇغىدىغان يولى» يوق (جۇباجېينىڭ گېپى) جۇباجېينى ھامىلدار قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئەلۋەتتە بىر چۆچەك. لېكىن لاۋخۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئانا-بالا دەرياسى (مىرەن دەرياسى) راستلا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدىكەن. پەقەت شۇ 36-پولكتىنلا ئېلىپ ئېيتقاندا، تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە بولىدىغان پەرزەنت كۆرەلمىگەن 47 جۈپ ئەر-ئايال مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن پەرزەنت كۆرگەن. ئۇ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئىلگىرى خېبېيدا ئەسكەر بولغان بولۇپ، توي قىلغىنىغا ئۇزاق بولغان بولسىمۇ خوتۇنى ھامىلدار بولمىغاچقا، ئامالسىزلىقتىن بىر بالا بېقىۋالغان. لېكىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ 36-پولكقا كېلىپ، مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇدا تۆت پەرزەنت كۆرۈپ، بېقىۋالغان بالىنى ئاتا-ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەن. خوتۇنى شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەشىنچى بالىنىمۇ تۇغقان.

مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيى پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالغاندىن كېيىن گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭلىق شوپۇرلار بۇ يەرگە ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، چوڭ-كىچىك تۇڭلارغا مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى قاچىلاپ ئەكەتكەن. بىڭتۇەننىڭ كورلىدىكى يېزا ئىگىلىك 2-دۇنيا بىناكارلىق 1-پولكدا كۆپ يىللاردىن

بۇيان پەرزەنت كۆرەلمەي دەردتە قالغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بولۇپ، ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسى: خوتۇنىڭدىن ئاجرىشىسەن، بولمىسا سەندەك بالىمىز يوق، دەپ ئاجرىشىپ كېتىشكە قىستىغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىناكارلىق 1-پولكى سىرتتا قۇرۇلۇش قىلغاندا ئاياللارنىڭ قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقتەك قائىدىنى بۇزۇپ، ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ مىرەن دەرياسىغا سېلىنىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى تەستىقلىغان ۋە ئۇ ئىككىسىگە مەخسۇس بىر چېدىر تىكىپ بەرگەن. قۇرۇلۇش پۈتكەندە ئۇلار دېگەندەك مۇرادىغا يېتىپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن.

لاۋخۇخېنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تەتقىقات ئورگانلىرى مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى تەكشۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى مىرەن دەرياسى ئالتۇنتاغدىكى قار-مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئالتۇنتاغ قاتلىمىغا قايتا-قايتا سىڭىپ، مول مىكرو ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، جانلىقلارنىڭ كۆپىيىش سىستېمىسىنى كۈچەيتىدىغان بوپقالغان، دېگەندىن ئىبارەت بوپتۇ.

— بىزدە قوشكېزەك تۇغقانلار ئالامەت جىق، — دېدى لاۋخۇخ ئالاھىدە مەغرۇرلۇق بىلەن، — مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان زىرائەت ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھوسۇلىمۇ ئالامەت يۇقىرى.

## زېرىكىشكە چىدىمايدىغان لوپنۇرلۇق ئۆمۈر چولپىنى

مىرەن دەرياسى پەرزەنت كۆرۈشكە ياردەم بېرىش بىلەنلا توختاپ قالمىغان، ئۇ، مىرەنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنىڭمۇ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئىچىدە 106 ياشلىق قۇربان ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىكەن.

قۇربان بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئىلگىرى شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە مىرەنگە يېزا باشلىقى بولغان، كومپارتىيە دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا يېزا باشلىقى بولغان. 1966-يىلىغا كەلگەندە مىرەننىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە ئېلىنغان. ئۇ، 80 يېشىدا 36-پولك مىللىي روتىنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ھازىر ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئەمگەكتىن قالماپتۇ ۋە ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. مىرەن دۇنياغا مەشھۇر لوپنۇر كۆلىگە يېقىن بولغاچقا، بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەن قەلەمكەشلەر ئۇنى «لوپنۇرلۇق ئۆمۈر چولپىنى» دەپ ئاتايدىكەن.

قۇربان بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرۇدىكەن، تەقى-تۇرقى 70 — 80 ياشتىكىدەكلا ئىكەن. لېكىن مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ فوتو ئاپاراتىمغا قاراپ، بېلىنى رۇسلاپ تۈز تۇرۇپ بەرگىنى بولماستىن، بەلكى لاۋخۇخنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بىر ۋەقە بولدى.

يىلنىڭ بېشىدا قۇربان بوۋاينىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. 7-ئايغا كەلگەندە، نەچچە ئاي بويتاق يۈرۈپ زېرىكىپ كەتكەن قۇربان بوۋاي ئۆزىلا مىرەندىن 300 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان چاقىلىق شەھىرىگە كېتىپتۇ. ئۇنىڭدا نېمە قۇدرەت بار ئىكىن، ئەيتاۋۇر 70 ياشلىق بىر مومايىنى قىزىقتۇرۇپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. مەن بارغاندا ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان ئايال شۇ ئىكەن. قارىغاندا، قۇربان بوۋايدىن ئانچە كۆپ كىچىك ئەمەستەك قىلاتتى.

قۇربان بوۋاي كادىر بولغىنىغا لايىق قانۇن كۆز قارىشى كۈچلۈك ئادەم ئىكەن، ئادەتتىكى دېھقانلارغا ئوخشاش نىكاھ خېتى ئالماي تۇرۇپلا ئۆز مەيلىچە بىر ئايال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋېرىشنى راۋا كۆرمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ يېڭى خوتۇننى ئۆيىگە ئەكېلىشتىن ئاۋۋال چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا باشلاپ بېرىپ توي خېتى ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ نوپۇسى مىرەندە بولۇپ، بىڭتۇەنگە قارايدىغان بولغاچقا، چاقىلىق ناھىيىسىگە قارىمايدىكەن، شۇڭا چاقىلىق ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى توي خېتى كېسىپ بېرىشنى رەت قىپتۇ. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن سالپىيىپ چىقىپ كېتىۋاتقان قۇربان بوۋاي چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىر ئىش بىلەن كەپقالغان 36-پولكنىڭ باشلىقى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ-دە، ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئۇنىڭغا دەپتىكەن، 36-پولكنىڭ باشلىقى خۇشال بولۇپ، دەرھال چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پولكنىڭ باشلىقى بىلەن ھاكىم تەڭ دەرىجىلىك ئىكەن، ئۇلار ئىشى بولسا بىر-بىرىدىن ياردەم سورىشىدىكەن. شۇڭا ھاكىم ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا تېلېفون بېرىپتىكەن، ئۇلار لوپنۇرلۇق بۇ ئۆمۈر چولپىنىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ.

لېكىن بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا، 36-پولكنىڭ باشلىقى بوۋايغا قىلغان قىزغىن ياردىمىگە قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ.

## شياڭگاڭلىق سودىگەرنىڭ مەبلەغ سېلىش شەرتى

بۈگۈنكى جۇڭگو «چەت ئەل مەبلىغى» يوچۇق ئىزدەيدىغان يەر بوپكەتتى، ئەقەللىيسى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئاز كېلىدىغان چاقىلىقتەك مۇشۇنداق بىر ئۆلۈك بۇلۇڭمۇ «چەت ئەل مەبلىغى» نىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. قۇربان بوۋاي خۇشال ھالدا توي قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن، بۇ قەدىمىي ماكاندىكى مىرەن دەرياسىغا كۆز تىككەن خۇاڭ فامىلىلىك شياڭگاڭلىق بىر سودىگەر مىرەنگە يېتىپ كەلدى.

بۇ خۇاڭ ئەپەندىم 36-پولكنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا لوپنۇرلۇق ئۆمۈر چولپىنىنى «تەكشۈرۈپ» چىقىپتۇ ۋە گەپ ئارىلىقىدا:

— قۇناخۇن، ھېلىمۇ ئەر-خوتۇنچىلىق قىلغۇدەك مادارىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چاتاق يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇربان بوۋاي، — لېكىن يېڭىدىن ئالغان خوتۇنۇم ئاغرىقچان، ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ، نېمە ئىلاج دەيسىلە.

تەكشۈرۈش ئاخىرلىشىپتۇ، خۇاڭ دېگەن بۇ سودىگەر 36-پولكقا مەبلەغ سېلىش توغرىلىق بىر قاتار ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ. مەسىلەن، مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن مىنېرال ئىچىملىك ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇرىمەن؛ شۇ يەردىن چىقىدىغان باھنى كۈچەيتىش ئۈسۈملۈك دورىسىنى مىرەن

دەرياسىنىڭ سۈيىگە قېتىپ، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدىغان تولۇقلاش سۇيۇقلۇقى ئىشلەيمەن؛ رەت-رەت ئالىي دەرىجىلىك داچىلارنى سېلىپ، چەت ئەللەردىكى پەرزەنت كۆرەلمىگەن پۇلدارلارنىڭ كېلىپ پەرزەنت كۆرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىمەن، ۋەھاكازا - ۋەھاكازا.

ئۇ سودىگەرنىڭ مەبلەغ سالىمەن دەپ بەرگەن بىشارىتى 36-پولكنىڭ ۋە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قالتىس خۇش قىلىۋېتىپتۇ. دېمىسىمۇ جايلاردا ئىگىلىكنىڭ جانلىنالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب پۇلنىڭ يوقلۇقىدا ئىدى. مۇبادا مۇشۇنداق كۆلەمدە «چەت ئەل مەبلىغى» بولسا، چاقىلىق دېگەن بۇ ئۆلۈك بۇلۇڭ دۇنياغا يۈزلىنىش دەرۋازىسىنى چوڭ ئېچىۋەتكەن بولامدۇ!

لېكىن خۇاڭ دېگەن بۇ سودىگەر گېپىنىڭ ئۇچىنى يۆگەپلا بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: مەبلەغ سېلىشقا بەرگەن يۇقىرىقى بىر قاتار ۋەدىلىرىنىڭ نەقلىنىشى مۇشۇ شەرتكە باغلىق ئىكەن، يەنى ئۇ شەرت ئۇنىڭ مەبلەغ سېلىش قارارىغا كېلىش - كەلمەسلىكىدىكى ئالدىنقى شەرت ئىكەن.

خۇاڭ دېگەن سودىگەرنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن: قۇربان بوۋايغا تۇغۇش ئىقتىدارىدىن قالمىغان يەنى يېشى ئەڭ چوڭ بولغاندىمۇ 40 تىن ئاشمىغان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىش. ناۋادا قۇربان بوۋاي يېڭىدىن ئالغان بۇ خوتۇننى ھامىلدار قىلالىسا، بىرىنچى تۈركۈمدىكى مەبلەغ نەقلىشىدىكەن، ئۇ پۇل ئاساسەن قۇربان بوۋاينىڭ «ئۇرۇقى» دىن بولغان تۆرەلمىگە كاپالەتلىك قىلىش پۇلى بولىدىكەن. ئۇ چاغدا يەنە تېخى پۈتكۈل جەرياننى سۈرەتكە ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر تېلېۋىزىيە نومۇرى ئىشلەش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدىكەن. ئۇزۇن ئۆمۈر چولپىنىنىڭ پۇشتىدىن بولغان بوۋاق دۇنياغا كەلگەندە ئۇنىڭ زور كۆلەملىك مەبلىغى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، گۈلدۈرلەپ كېلىشكە باشلايدىكەن.

ئۇ سودىگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دېگەن:

— ئۇ چاغدا بالىنى بېقىش ھوقۇقى مېنىڭدە بولىدۇ. مەن شياڭگاڭدىن ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىس ۋە ھەمشىرىلەرنى ئەكېلىپ بالىنى باقتۇرىمەن ۋە ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەڭ كۆلەمدە ئېلان نومۇرلىرىنى ئىشلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مۆجىزىسىنى پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلايمەن. ئۇ چاغدا، بايا مەن دېگەن زاۋۇت قۇرۇش، داچىلارنى سېلىشقا ئوخشاش قۇرۇلۇشلارمۇ يورغا ئاتقا قامچا سالغاندەك سۈرئەت بىلەن ئىشلىنىدۇ.

تىجارەت يۈزىسىدىن ئېيتقاندا، خۇاڭ دېگەن بۇ سودىگەرنىڭ ئوي-پىكرى كارامەت بىر ئوي-پىكىر. لېكىن 36-پولكنىڭ ۋە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغان. 40 ياشلىق بىر لايىق تېپىش، ياش پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى چوڭ توسالغۇ بولالمايتتى، كۆپرەك خىزمەت ئىشلەنسە، بىزە نەپ بېرىلسە، ئۆزىنى پىدا قىلىدىغان ئايال ھامان چىقاتتى. گەپ شۇ يەردىكى، قۇربان بوۋاينىڭ توي قىلغىنىغا ئەمدىلا بىر ئاي بولغان تۇرسا، ئەمدى ئۇنى ئاجرىشىپ كەتكىن دەپ قىستاش كېرەكمۇ؟ قۇربان بوۋايغۇ ياشراق خوتۇن ئېلىپ بەرسەك، ئەلۋەتتە، قەۋەتلا خۇشال بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋۇ 70 ياشلىق خوتۇنىنى قانداق بىر تەرەپ قىلماق كېرەك؟ ئاپلا، ما بوۋاي شۇ چاغدا يەنە بىرەر ئاي چىداپ تۇرغان بولسا ياكى 36-پولكنىڭ باشلىقى ئۇنى چاقىلىق ناھىيىسىدە ئۇچرىتىپ قالمىغان بولسا، ئىش ئەجەب ئوڭدىن كېلەتتىكەن - دە! ئەمدى قاراڭ بۇ ئىشنى!

بىراق بوسۇغىغا كەپقالغان «چەت ئەل مەبلىغى» نى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇچۇرۇۋېتىشكە بولمايتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ بىرەر ئىشنى قىلىش - قىلماسلىقنىڭ ھالقىسى ئۇنىڭ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان - سۈرەلمەيدىغانلىقىدا، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئالىي پرىنسىپقا بويسۇنۇشى كېرەك. كونا ئەخلاقتىن گەپ ئېچىشنىڭ ئورنى قالمىدى، ئۇ ئاللىقاچان بىتچىت قىلىپ تاشلانغان. ئىدېئولوگىيىنىڭ چەكلىمىسىمۇ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سارغىيىپ چۈشكەن گۈل بەرگىگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان بوپكەتتى.

ئەمەلدارلارنىڭ مۇھاكىمىسىنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بوپتۇ:

نىكاھ مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن قۇربان بوۋايغا ياشراق بىر خوتۇن تاپايلى، توقال قىلسىمۇ مەيلى، مۇھىمى ئۇنى تېزرەك ھامىلدار قىلسۇن، شۇ چاغدىلا «چەت ئەل مەبلىغى» نى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. ھامىلدار بولۇپ، سىرتقا قارىتا كەڭ كۆلەمدە ئېلان نومۇرلىرىنى ئىشلەيدىغان چاغدا ئۇ ئايالغا نېمە نام - ئەمەل بېرىمىز، قۇربان بوۋاينىڭ ھازىرقى خوتۇنىنى قانداق قىلىمىز؟ شۇ چاغدا بىر گەپ بولامدۇ!

خوتۇن تاپىدىغان ئىشنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى قىلىدىغان بوپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىمىقىدا ئۇيغۇر ئاياللار كۆپ بولۇپ، تاللاش ئىمكانىيىتى چوڭراق ئىكەن. قىسقىسى، تېز ھەرىكەتكە كېلىش، خۇاڭ ئەپەندىگە بالدۇرراق مەمنۇن بولغىدەك بىر جاۋاب بېرىش كېرەك ئىكەن.

ئەپسۇس، شۇ چاغدا مەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچقا، مىرەندە ئۇزاق تۇرالمىدىم. بۇ ئالەمدە بولىدىغان بۇ كومېدىيىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى بەكمۇ خالايتتىم. لېكىن مىرەن دەرياسىنىڭ سۈيى مەدەت قىلغان تەقدىردىمۇ، 100 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاينىڭ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان بىر جەريان ئىدى. بۇنىڭ قۇربان بوۋايغا زادى خۇشاللىق ياكى خاپىلىق كەلتۈرىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمىدىيۇ، پۇلنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدىم. بۈگۈنكى بۇ پايانسىز دۇنيادا ھەممە نەرسە پۇلنىڭ چاڭگىلىدىكى قورچاققا ئايلىنىپ كەتتى. 100 ياشقا كىرسەڭمۇ پۇل دېگەن نەرسە يىللار ساڭا ھەدىيە قىلغان ئىززەت - ئابرويىنى سېتىۋېلىپ، سېنى نەسىل ئاۋۇتىدىغان مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن نەسىل ئاۋۇتۇشقا كۈچ چىقىرىدىغان قىلىۋالىدىكەن.

ۋادەرىغا، قۇربان بوۋاي!

1993-يىل

ئاپتورنىڭ 1999-يىلى نويابىردا جوڭگو كىنو نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گەركىن قەلب يولى» ناملىق كىتابىدىن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تەرجىمىسى (M2)

# ئۇنىۋېرسال

# مۇلاھىزىلەر



## مەردلىككە بارىكاللا!

يېقىندا گېزىتتىن مۇنداق بىر خەۋەرنى ئوقۇپ قالدىم:

ئەنگلىيىدىكى پۈتكۈل دۇنياغا مەشھۇر BBC رادىئو ئىستانسىسى 30 قىسىملىق «كارل ماركس تەزكىرىسى» نى داۋاملىق ئاڭلىتىۋاتىدۇ، يەنە تېخى ھەرقېتىمقى ئاڭلىتىشنى «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى» بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىنى جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئېغىر-بېسىق، ئەڭ مۆتىۋەر گېزىت بولمىسا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئىشىنىشى ناتايىن ئىدى.

«BBC نىڭ ماركسنى تەشۋىق قىلىشى» نۇرغۇن ئادەمنىڭ نەزىرىدە خىيالىغىمۇ كېچىپ باقمىغان غەلىتە گەپ. لېكىن تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئىنگلىزلارنىڭ بىر ئەرىيۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىغا باغلاپ قارايدىغان بولساق، مېنىڭچە، بۇنىڭ ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ماركس ياۋروپادىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ۋە مەدەت بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن فرانسىيە، پروسسىيە ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ، نائىلاج 1849-يىلى ئائىلىسى بىلەن ئەنگلىيىگە كۆچۈپ بارغان. ئىنگلىزلار ياۋروپاغا داڭقى كەتكەن بۇ «قىزىل» ئىنقىلابچىنى گەپ-سۆزسىز ئۆز قويىنىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە ھايات كەچۈرۈشىگە، ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا، پىكىر سۈرۈشىگە، ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىشىغا، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى كۆزلەيدىغان كاتتا-كاتتا پارلاق ئەسەرلەرنى يېزىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ماركس جەمئىي 65 يىل ئۆمۈر سۈردى، شۇنىڭ 34 يىلىنى ئەنگلىيىدە ئۆتكۈزدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ شۇ يەردە دەپنە قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى كۈندە پۈتكۈل دۇنيا كوممۇنىستلىرى «تاۋاپ» قىلىدىغان مۇھىم جاي رېيىن دەريا بويىدىكى گېرمانىيە ئەمەس،

## ئىبرەتلىك پارچىلار

لوندوندىكى خايگت قەبرىستانلىقىدىكى ماركس قەبرىسى بوپقالدى.

مانا بۇ ئىنگلىزلارنىڭ مەردلىكى، كەڭ قورساقلىقى !

شۇنداق مەردلىك بولمىغان بولسا، ماركس ئۇزۇن ۋاقىت سىستېمىلىق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خاتىرجەم مۇھىتقا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، « سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى» ، «كاپىتال» دېگەندەك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازالمىغان بولاتتى. رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە، ئىنسانىيەتنىڭ 20-ۋە 21-ئەسىردىكى مۇساپىسىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشىگە سەۋەبكار بولمىغان بولاتتى.

ئەنە شۇنداق مەردلىككە پۈتكۈل دۇنيادىكى كوممۇنىزمچىلارنىڭ رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىشى ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

تاللاپ تۇرۇپ مەردلىك، كەڭ قورساقلىق قىلىش ئىنسانىيەت ئۈچۈن گۈزەل پەزىلەت. لېكىن كەڭ قورساقلىق قىلىش دېگەن سۆز ماقۇل بولۇش دېگەن سۆز ئەمەس. يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن ۋيان كەڭ قورساقلىق بىلەن مەردانىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىنگلىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. «كاپىتال» دۇنياغا كەلگەن يەردە كوممۇنىزم ئىنقىلابى يۈز بەرگىنى يوق.

«سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزنى ماقۇل كۆرمەيمەن، لېكىن سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىزنى بايان قىلىش ھوقۇقىڭىزنى جېنىم بىلەن قوغدايمەن» . ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ تۇنجى رەھبىرى جېففىرسوننىڭ بۇ مەشھۇر سۆزى ھەممىگە مەلۇم. ئىنگلىزلار شۇنداق مەشھۇر سۆزنى قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شۇ مەشھۇر سۆزنىڭ ماركس دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋام سۈرۈپ كەلگەن ئەڭ يارامىلىق، ئەڭ مەشھۇر ئەمەلىيەتچىسى بوپكەلمەكتە.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئەنگلىيە يازغۇچىسى سالمان رەشدىنىڭ «شەيتان داستانى» ناملىق رومانى نەشر قىلىنغاندا مەلۇم دۆلەتلەردە زور غۇلغۇلا پەيدا بولدى، مەلۇم بىر دۆلەت ھەتتا رەشدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز، دەپ داۋراڭ كۆتۈردى. ئەنگلىيە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھېچنەرسىگە تارتىشماي شۇ دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى. ئەنگلىيىنىڭ ساقچى دائىرىلىرى مەخسۇس رەشدىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر يىلىغا 1 مىليون 600 مىڭ دوللار سەرپ قىلدى.

پەقەتلا بىر يازغۇچى ، بىر رومانىنى دەپ شۇنداق قىلدى!

بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1998-يىلى سېنتەبىردە مەلۇم دۆلەت رەشدىنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ، ئەنگلىيە ئۇ دۆلەت بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ھەممە تەرەپتىن ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئەنگلىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى كۇك «رەشدىنىڭ «شەيتان داستانى» دېگەن كىتابىدا ×× غا شەك كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن (مۇسۇلمانلاردىن) ئەپۇ سورايمەن» دەپتۇ. «شەك كەلتۈرگەن» لىكىگە «ئەپۇ سوراش»- بۇ ئەھۋال ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ رومانىنىڭ مەزمۇنىنى ماقۇل كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن ئۇلار رومانىنىڭ ئاپتورىنى ھەرقانداق چېقىمغا قارىماي قوغدىغان. ئىنگلىزلارنىڭ بۇ ئىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قويۇپ تۇرايلى، قانداقلا بولمىسۇن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەردلىكى پۈتكۈل دۇنيادىكى يازغۇچىلارنى بارىكاللا ئېيتقۇزماي قويمىدى.

مەردلىككە ئوخشاشلا مۇھىم نەرسە - مەردلىكنى چۈشىنىشتۇر، كەڭ قورساقلىقنى دەل جايىدا بىلىشتۇر. BBC رادىئو ئىستانسىسى 1999-يىلى ئۆتكەن 1000 يىل ئىچىدە دۇنياغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ئادەملەرنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق سايلاشتا ماركسقا تۆردىن ئورۇن بەرگەن. شۇ چاغدا خېلى كۆپ ئادەم ھەتتا BBC مۇ كوممۇنىزم نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىدىغان بوپتۇ، دەپ تەنتەنە قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇقۇشماسلىق. ئۇلارنىڭ ماركسنىڭ تەسىرى زور ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى پەقەت مەردلىكىنى، كەڭ قورساقلىقلىقىنى ئىزھار قىلىشتىنلا ئىبارەت، لېكىن ماركسنىڭ تەلىماتى غەربلىكلەرنى خۇشتار قىلىشى ناتايىن.

ئەسلى «BBC ماركسنى تەشۋىق قىلماقتا» سەرلەۋھىلىك بۇ مۇلاھىزە «فىلىپەتون ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2001-يىل نويابىر سانىدا خوجىجۇەن ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان بولۇپ، قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

## ئامېرىكىدىكى «پىشۇرۇش كۇلۇبى»

غەربتە سىياسىيئونلارنى سىنايدىغان بىرىنچى سىناق سەۋرچانلىقتۇر. ئۇزۇن ۋاقىت ۋە كەسكىن داۋام قىلىدىغان سايلام مۇسابىقىسى جەريانى كىشىنى جاق تويغۇزىدۇ. شۇ جەرياندا ئادەم خىيالىغىمۇ كېچىپ باقمىغان زەربىلەرگە ئۇچراش مۇمكىن، سەۋر-تاقەتسىز ئادەم ئۇنداق پەشۋالارغا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر دۆلەت ئەمرى دېگەن ئورۇنغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟

مەملىكەت ئىچىدە سايلىغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىققاندا شۇنداق دۆلەت ئەمىرلىرىنىڭ قايسىبىرى ئاممىنىڭ قورشاپ قىلغان ھۇجۇمىغا ، تىل-ھاقارەتكە ھەتتا تاش-كېسەك، سېسىق تۇخۇم ۋە مىجىق قىزىلچىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان؟

يىراقنى قويۇپ تۇرۇپ، يېقىنقى گەپلەرنى قىلايلى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل دۇنيا بىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يېڭى سايلانغان پرېزىدېنتى جورجى ۋالكېر بۇش ئەنگلىيىگە تۇنجى قېتىم زىيارەتكە بارغىنىدا ئەنگلىيە خەلقىنىڭ ئاياۋسىز قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئامما ئۇ ئۆتىدىغان كوچىلارغا توپلىنىپ، بايراقلارنى پۇلاڭلىتىپ، شوئارتوۋلاپ، ئۇنىڭ «باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى سىستېما» ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا نەپرەت ياغدۇردى، دۇنيا مۇھىتىنى قوغدايدىغان «جىڭدۇ كېلىشىمى» گە قول قويمىغانلىقىغا لەنەت قىلدى. . . نارازىلىق ئەۋجىگە چىققاندائۇنىڭغا بۇجىگەن توپ ئېتىلغاندەك تۇخۇم ئېتىلدى ـ سېسىق تۇخۇممۇ ياكى ساق تۇخۇممۇ ، بۇلارنى تېلېۋىزوردا ئېنىق كۆرگىلى بولمىدى. يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى تونىي بلايىر باشقا بىر ئىتتىپاقداش دۆلەتكە بارغان چاغدىمۇ بۇش كۆرگەن كۆرگۈلۈكلەرگە خېلىلا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرگۈلۈكلەرنى كۆردى. ماڭا تولىمۇ پەيزىلىك تۇيۇلغىنى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى رەڭگىرويى بولدى. ئۇ گويا: سەن تىللىساڭ تىللاۋەر، تاش ئاتساڭ ئاتىۋەر، مېنى خىجالەتتە قالدۇرۇمەن دېسەڭ قالدۇرۇۋەر، سېنىڭ ئاتقان تاشلىرىڭ مېڭەمنى يېرىۋەتمىسىلا بولدى، كۈلۈش توغرا كەلسە كۈلۈۋېرىمەن، گەپ قىلىش توغرا كەلسە قىلىۋېرىمەن، قانداق قىلىش توغرا كەلسە شۇنداق قىلىمەن! دېگەندەك قىلىپ پەرۋامۇ قىپ قويمىدى.

ـ پەيزى دېگەن ئەنە شۇ!

بەزىدە پەقەت سىياسىيئون، دۆلەت ئەمىرلىرىلا ئەمەس، غەربتە داڭقى چىققان ياكى پۇلى بار، يۈزلۈك ئادەملەرمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش پەرىشانلىقلارغا ئاسانلا يولۇقۇپ قالىدۇ. بۇ يىل 23-مارتتا دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى ۋالفېنسون مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۇشتۇمتۇتلا قايماقلىق تورتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يۈز-كۆزى قايماققا مىلىنىپ كەتكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە ئۆز پېتىدىن چۈشمىگەن ۋە دەرھال گېپىنى ئۇلاپ: «تەمى جايىدا ئىكەن، بىراق بۇ نەرسە مېنىڭ ئاز تاماق يېيىش پىلانىمنى بۇزۇۋەتتى! » دېگەن.

شۇنداق پەيزى بولمىسا قانداقمۇ داڭدار ئادەم ياكى زامانغا لايىق سىياسىيئون بولالىسۇن؟ ! بۇ يىل ئەتىيازدا ئەنگلىيىنىڭ چوڭ سايلىمى بولغان چاغدىكى ئىشچىلار پارتىيىسىدىن بولغان مۇئاۋىن باش ۋەزىر نامزاتنى ئالايلى. باشقىلار ئۇنىڭغا بىر مۇشت ئاتسا، ئۇ شۇئان بىر مۇشت ياندۇرۇپ، مۇشت ئاتقان ئادەمنى تىك موللاق چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ چاققانلىقىدا گەپ يوق. لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى شۇ مۇشت بىلەنلا تۈگەشكەن. «كىچىككىنە سەۋرەڭ بولمىسا، چوڭ ئارماندا قالىسەن» دېگەن گەپ بار. كۆڭلۈڭدە چوڭ ئارزۇ-ئارمىنىڭ بولىدىكەن، كىچىك ئىشلاردىمۇ سەۋر-تاقەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك.

خوش، غەرب سىياسىيئونلىرى شۇنداق «سەۋرچان» لىققا قانداق ئۆگەنگەن؟

بۇ جەھەتتە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ 23-نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى خاررىسون بىنجامىن تەسىس قىلغان «پىشۇرۇش كۇلۇبى» نى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز . خاررىسون دېموكراتىك دۆلەتنىڭ ئەمىرى بولغان ئادەمنىڭ خەلق ئالدىدا قانداق سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكىنى دەسلەپتىلا ھېس قىلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىيئونلارنى «سەۋرلىك» قىلىپ پىلانلىق تاۋلاش ، چېنىقتۇرۇشقا كىرىشىپ ، شۇنداق بىر تەرتىپ ئورنىتىپتۇ: ھەريىلى ئەتىيازدا ئاقسارايدا ئالاھىدە بىر قېتىم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بېرىلىدىكەن، زىياپەتتە مۇخبىرلارنىڭ گېلىنى تائام بىلەن تۇۋاقلاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنى تاماق يېسۇن ياكى يېمىسۇن، ئۆز مەيلى ئىكەن؛ گەپ شۇ يەردىكى، زىياپەتكە داخىل بولغان ھەربىر ئادەم پرېزىدېنتقا ۋە ئۇنىڭ كابىنېتىنىڭ ئەزالىرىغا مەركەزلىك كىنايە قىلىدىغان بىرەر يۇمۇرلۇق ھېكايە، ساتىرا تەييارلاپ كېلىشى شەرت ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زىياپەت «پىشۇرۇش كۇلۇبى» دەپ ئاتىلىدىكەن. «ئوت» قا قاقلاپ، پىژ-پىژ قىزىتىدىكەن، لېكىن پرىنسىپ جەھەتتە «قورۇپ-كۆيدۈرۈپ قويۇش يارىمايدۇ» كەن.

بۇ يىل 24-مارتكەچقۇرۇندىكى «پىشۇرۇش» تا مۇخبىرلار ئاۋۋال سابىق پرېزىدېنت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنى «زىققا تارتىپتۇ» يەنى بۇ «زىخ» تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن بىر كۆرۈنۈش ئىكەن: «كلىنتون» ئۈچىسىغا مەھبۇس كىيىمى كىيگەن، سىڭا پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا: «سەن ھەتتا قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچى بولساڭمۇ، مەن سېنى كەچۈرۈم قىلىمەن! » دەپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ناخشا ئوقۇيدۇ. «ھىلارىي» گۇناھسىز قىياپەتتە تۇرۇپ: «مەن پەقەت ئۆزىمىزگە تەئەللۇق نەرسىلەردىن دىۋان، ئۈستەل، ئورۇندۇق، تەۋەررۈك ئەتىقەلەر ۋە مەرمەر تاشلارنىلا ئەكەتتىم» دەپ ناخشا ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدا «ئالاھىدە كەچۈرۈم» ۋەقەسىگە ۋە كلىنتون ئەر-خوتۇن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاقسارايدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەكەتكەنلىكىگە دارىتمىلانغانلىقىدا شەك يوق. ئۇنىڭ كەينىدىن سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنت (گورل) ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا نالە قىلىدۇ: « چوڭ سايلامدا غەلىبە قازانغان، باشقىلاردىن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن تۇرساممۇ، ھېلىقى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ سوتچىلىرى مېنى ئاقسارايدىن چىقىرىۋەتتى

ئەمەسمۇ! »

بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە بۇشنىڭ «ئوت» قا قاقلانغانلىقى.

«پىشۇرۇش كۇلۇبى» نىڭ ئادىتى بويىچە ئالغاندا، تېلېفىلىم كۆرۈنۈشلىرىدە ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان پرېزىدېنتنىڭ ئوبرازى ئومۇمەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلمايدىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مۇخبىرلار بۇشنى كارتون فىلىم شەكلى بىلەن «ئوت» قا قاقلىدى، يەنى تېكساس ( بۇش ئەسلى تېكساسلىق ئادەم) شتاتىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بولغان پۇرچاقنى بۇش ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋەكىل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان، پەردە ئارقىسىدا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا مۇنداق ناخشا ئوقۇلغان: «بۇ ئادەم تېكساسلىق، ئاقسۆڭەك ئۇرۇقىدىن بولىدۇ، بۇ يېتەرلىك سايلام ئاۋازىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ پرېزىدېنتلىققا سايلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى ـ ئۇنىڭ ئېسىل فامىلىسى بولغانلىقىدا» .

بۇشنىڭ ئاقسىل كېسىلىگە گىرىپتار بوپقالدىم دېگەن مەشھۇر ئەخمىقانە سۆزىمۇ ( ئاقسىل كېسىلى ئادەتتە كالىدا بولىدىكەن. ـ تەرجىمان ئىزاھى) بۇ قېتىمقى «پىشۇرۇش» يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. «پىشۇرۇش» رەسمىيىتى تېخى باشلانمايلا تۇرۇپلا ئۇ بىر ئاز ئاقساپ قالغاچقا، گەپنى يۇمۇر بىلەن ياساپ كېتىمەن ، دەپ تىرىشقانسېرى سەت چاندۇرۇپ قويغان. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە مۇئاۋىن پرېزىدېنت بولغۇسى چېينىينىي ياساپ چىقارماقچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ: «مەن ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن، مېنى نۇرغۇن ئادەم تېخى ئوبدان چۈشەنمەيدۇ، مەن ھازىرغىن (نەسەپ) تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، ئاخىرقى نىشانىم ـ ئىككىنچى چېينىينىي ياساپ چىقارماقچىمەن. شۇنداق قىلالىسام پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان تۆت يىللىق مۇددەتنى خىرامان ئۆتكۈزەلەيمەن» دېگەن. شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ يەنە: «يېقىندىن بۇيان بەزىدە ئۇنۇم پۈتمىدىغان بوپقالدى، بۇنىڭ سەۋەبى ياۋروپادا تارقىلىۋاتقان ئاقسىل كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋاپتىمەن» دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە يەنە ئۆزىنىڭ «گەپتە چاندۇرۇش كېسىلى» نىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېيتقان، ھەتتا گالسون گلەيرنىڭ «بۇشنىڭ ئاغزى ھەممە ئىشنى بۇزىدۇ! » دەپ ھاقارەتلىگەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ئورۇنسىز نەقىل كەلتۈرگەن.

سىياسىيئونلارنىڭ ئەخمىقانە سۆزلىرى ئەخمىقانە ئىشلىرىدىنمۇ خەۋپلىك بولىدۇ. چۈنكى ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويسا، باشقىلارنىڭ دەرھال بىلىپ قېلىشى ناتايىن.

ئەنە شۇنداق ئامېرىكىچە «پىشۇرۇش» يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇدىكەن، بۇ يىلقىسى 116-قېتىملىقى ئىكەن. ھەر بىر پرېزىدېنتنىڭ خىزمەت ئۆتەش ۋاقتى بىرنەچچە يىل بولۇپ ، شۇ مۇددەت ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم «پىشۇرۇلىدۇ» كەن. مۇشۇنداق «پىشۇرۇش» نىڭ ئۇلارنى سەۋرچان قىلىشقا نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر بىلەن بىلىۋېلىش مۇمكىن. «پىشۇرۇش» يىغىنى ئۇلارنىڭ يۈزىنى قېلىنلاشتۇرۇدىكەن، ئۇلارنى يۇمۇر ـ چاقچاقچى ۋە گەپدان قىلىپ چېنىقتۇرۇدىكەن. بۇش ھەرقانچە كالۋا بولسىمۇ، كېلەر يىلدىكى «پىشۇرۇش» ۋاقتىدا يەنە شۇنداق قاملاشمىغان گەپلەر، شۇنداق يىلىك باسمايدىغان ھەزىللەرنى قىلىپ يۈرمەس.

ئامېرىكىلىقلاردا مۇقىم «پىشۇرۇش كۇلۇبى» دىن باشقا يەنە سىياسىيئونلارنى «پىشۇرىدۇ» غان باشقا چارىلارمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن، ھەر يىلى 1-ئاپرېلدىكى ئەخمەقلەر بايرىمىدا ئامېرىكا بويىچە 1-ئەخمەقنى سايلاپ چىقىدىكەن. بۇ يىل كلىنتون 2-قېتىم «ئامېرىكا ئەخمىقى» بولۇپ سايلىنىپتۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇنى ئەخمەق دېيىشى ئۇنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىكەن. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، كلىنتون پرېزىدېنتلىقتىن قالدۇرۇلىدىغان چاغدىمۇ ئۇنى قوللايدىغانلار %65 گە يەتكەنىكەن. ھازىرقى پرېزىدېنت بۇش بۇ يىلقى ئەخمەقلەرنىڭ قاتارىدا 12-لىككە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا سايلامدا بېرىلگەن ئاۋاز %48 بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن %6 كۆپىيىپ كېتىپتۇ.

خوجا ئاكىسى بولغان ئامېرىكا ئۆزىنىڭ سىياسىيئونلىرىنى شۇنداق «پىشۇرىدۇ» كەن، غەربتىكى باشقا ئۇكا دۆلەتلەرنىڭمۇ دورىشى تەبىئىي. ئۇزۇن زامان شۇنداق داۋام قىلدۇرۇۋەرسە پايدىسىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدىكەن. دېمەك، سەۋرچانلىق ـ خەتەرگە ۋە بارلىق قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ناھايىتى ياخشى چارىسى ئىكەن. سەۋرچانلىق تولا چاغلاردا قەھر - غەزەپتىن پايدىلىق ئىكەن، ھەرقاچان ھەرقانداق ئىشكەلەرنى ئاچالايدىكەن. . .

مەشھۇر يازغۇچى جيالىڭ زىلۇڭنىڭ بۇ مۇھاكىمىسى ئەسلى «بۈگۈن ئاخشام» گېزىتىنىڭ 2001-يىل 13-سېنتەبىر ساندا ئېلان قىلىنغان؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 12-ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

## گەپ كەتمەيدىغان توغرا گەپ

2001-يىل 11-دېكابىردا نەشردىن چىققان «فېلىيەتون» گېزىتىدە «گۆھەرلەر خەزىنىسى» سەرلەۋھىلىك ستونغا جايلاشتۇرۇلغان قىسقىغىنە ئىككى پارچە مۇنازىرە ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى. بۇ مۇنازىرىنىڭ ھەر ئىككىسى ھەقىقەتەن «گۆھەر» ئىكەن. مېنىڭ بۇ چۈشەنچەمگە ئىشەنمىسىڭىز،

مەرھەمەت، قېنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، ئەسلىسىنى تولۇق تەرجىمە قىلىپ بېرەي.

ئۇنىڭ بىرى —

## كىم قورقماي ئىجرا قىلالايدىكەن؟

ئاپتورى: خۇكەيسۇي

ماۋزېدۇڭنىڭ ھەربىر سۆزىنىڭ ۋەزنى بار، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم يىرالمايتتى، ھەتتا بەزى خاتا ھۆكۈملىرىمۇ بىرمەزگىل ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. لېكىن ئۇنىڭ بىر توغرا يوليورۇقى — «مەملىكەتتە يۈز بەرگەن ئاپەتلەر»نى «ئاززاقمۇ يوشۇرۇپ قويماي» (ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن) ئېنىق، ئاشكارا خەۋەر قىلىپ تۇرۇش لازىم دېگەن دېگەن يوليورۇقى ئىجرا قىلىنمىدى («گېزىت-ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» نىڭ 2001-يىل 1-نويابىردىكى سانىغا قاراڭ).

شىڭ دالىن ئەپەندى ئىجرا قىلىنمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز ۋاقتىدىكى (1959-يىلدىكى) ئاخبارات ۋاستىلىرىغا، يەرلىك ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرگە ئارتىپتۇ. لېكىن پېقىر ئۇنداق دەپ قارىمايمەن.

ئاخبارات ۋاستىلىرى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ماۋزېدۇڭنىڭ خاتا ھۆكۈملىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ھەم ئىجرا قىلىدۇ-يۇ، نېمىشقا ھېلىقىدەك توغرا يوليورۇقنى ئىجرا قىلمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەشكە توغرا كەلسە كېرەك.

ماۋزېدۇڭ 1957-يىلى پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە ياردەملىشىشكە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنى تەكلىپ قىلغاندا، «باشقا سادالارنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى» دېگەنىكەن ھەمدە «بىلگەننى سۆزلىمەي قويماسلىق، سۆزلىگەندە قالدۇرماي تولۇق سۆزلەش كېرەك، سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن، بولسا تۈزەتسۇن، بولمىسا دىققەت قىلسۇن» دەيدىغان پرىنسىپىنىمۇ تۈزگەنىكەن. لېكىن ئاقىۋەتتە سۆزلىگۈچىلەر گۇناھلىق بولدى، نۇرغۇن زىيالىي «ئوڭچى ئۇنسۇر» قىلىندى. پېڭ دېخۇەي «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىن پەيدا بولغان ئېغىر ئاپەتلەرنى ئېنىق ئىنكاس قىلغانىدى، نەتىجىدە نېمە بولدى؟ . . .

ھەممە ئادەم ئوخشاش گەپ قىلىدىغان سىياسىي شارائىتتا، ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى كىممۇ ئىزچىل ئىجرا قىلالىسۇن؟

مۇنازىرىنىڭ يەنە بىرى —

## جۇرۇڭجى زۇڭلىنىڭ سۆزى ئېسىمگە كەلدى

ئاپتورى: لى جۇڭجۇ

قولىدا ھوقۇقى بار بەزى ئادەملەرنىڭ ھەدېسىلا «مۇقىمسىزلىق ئامىلى»، «مۇقىملىقنى بۇزىدى، «تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدى» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقى، «ئەدەپ لەۋاتقانلىقى «فېلىيەتون» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىرمۇنچە ماقالىلاردا تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. شۇنداق مەنسەپدار غوجاملارغا قانداق دەككە بېرىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە جۇرۇڭجى زۇڭلىنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئىلھامبەخش ئەھمىيەتكە ئىگە.

9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ تۇرغان كۈنلەردە جۇرۇڭجى زۇڭلى خۇنەن ۋەكىللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ، «يېزىلاردا مۇقىملىقنى قانداق ساقلاش» توغرىسىدا توختالغىنىدا قىسقا ۋە ئىخچام گەپ قىلىپ:

«يېزىلاردا مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن يەرگە تەگمەسلىك، سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرماسلىق، جەمئىيەت تەرتىپىنى بوشاشتۇرماسلىق، مۇئامىلىدە قوپاللىق، ئۆكتەملىك قىلماسلىق كېرەك» دېگەن.

جۇرۇڭجى زۇڭلىنىڭ سۆزى بىزگە شۇنداق ئىلھام بېرىدۇكى، مۇقىملىق ئۈچۈن بىرەر ئاساس بولۇشى لازىم. شۇ ئاساس قانۇن - نىزامدۇر. قانۇن - نىزام بويىچە ئىش قىلغاندا مۇقىملىق بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا مۇقىملىق مەۋجۇد بولالمايدۇ.

مۇقىملىقنىڭ ئاساسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلچەيدىغان مىزان (ئۆلچەم) مۇ بارلىققا كېلىدۇ: كىمنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى، گەپ - سۆزى قانۇن - نىزامغا خىلاپ بولىدىكەن، ئەنە شۇ ئادەم «مۇقىمسىزلىق ئامىلى» بوپقالىدۇ؛ كىمكى مۇقىملىقنى بۇزىدىكەن، شۇ كىشى «تىنچلىق - ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى» بوپقالىدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ «ئەدىپىنى بېرىش» كېرەك. بۇ جەھەتتە مەنسەپدارمۇ، پۇقرامۇ ئوخشاش، ھېچقايسىسىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك.

## بۇ چوڭ بۇرۇلۇشمۇ ياكى چوڭ يۆنىلىشمۇ؟

1957-يىلدىكى «ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش» توغرىسىدىكى قېلىپلىشىپ قالغان گەپلەر مۇنداق:

دەسلەپتە پارتىيە سىرتىدىكى ئەربابلار، زىيالىيلار پارتىيىگە پىكىر بېرىشكە، پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بىرمۇنچە توغرا - لىللا پىكىرلەرنى بەردى، ناھايىتى ئازساندىكى ئادەملەرلا چاچراپ چىقىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى تەختتىن چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيىنى «ئوڭچى»لارغا ھۇجۇم قىلىشقا دەل ۋاقتىدا يېتەكلىدى. لېكىن

كۆرەشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھۇجۇمنى ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى يۈز بېرىپ، مەلۇم ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى.

كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ قارىشىچە، بۇخۇسۇمەتلىك گەپلەرپاكىتقا خىلاپ.

«ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر» دېگىنى زادى كىملەر؟ بەزى جايلاردا ئوقۇغۇچىلار: كوممۇنىستىك پارتىيە تەختتىن چۈشسۇن، دەپ دەرس تاشلىدى، نامايىش قىلدى، پارتىيە سىرتىدىكى بەزى ئەربابلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان گەپلەرنى قىلدى، لېكىن بۇلار ناھايىتى ئايرىم ھادىسە بولۇپ، ئاساسىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. مۇشۇنداق ئاجىز - بوش ئاۋازلار ھەيۋەتلىك ئومۇمىي خورنى قانداقمۇ بېسىپ كېتەلىسۇن؟!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1980-يىلى ئوڭچىلارنىڭ 99 پىرسەنتىنى ئاقلاش توغرىسىدا قارار چىقاردى. «چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىلار» لولۇڭجى، جاڭ بوجۈن، چۇئەنپىڭ، پېڭ ۋېنىڭ، ، چېن رېنبىڭ، لىن شىلىڭ ئاقلانماي قالدى. ئەنە شۇ ئالتە سولتەك 550 مىڭ ئادەمنىڭ پالاكەتچىلىككە ئۇچرىشىغا، «پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىش» نىڭ تەتۈرىسىگە بۇرۇلۇپ «ئوڭچىلارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىغا قايتارما زەربە بېرىش» كە ئايلىنىپ كېتىشىگە زامىن بولغان بولسا كېرەك. ئۇنداق بولسا شۇ «باشلامچى كاساپەت» لەرنىڭ قانداق «جاھانغا سىغماس چوڭ جىنايەت» لەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپ باقايلى.

ماۋزېدۇڭنىڭ قارىشىچە، «ئوڭچى» لارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمىدا جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى بىلەن ئىشچى-دېھقان دېموكراتىيە پارتىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ھەممىدىن يامان ھۇجۇم ئىكەن، «ئۇنىڭ مەنبەسى جاڭ بوجۈن - لولۇڭجى ئىتتىپاقى» ئىكەن (ماۋزېدۇڭ شاڭخەيدە، ئوڭچىلارنىڭ بوۋىسى جاڭ بوجۈن، لولۇڭجى، جاڭ نەيچى ئىكەن، دەپ ئىسمىنى ئاتاپ سۆزلىگەن).

جاڭ بوجۈننىڭ «سىياسىي لايىھە مەھكىمىسى» پارتىيىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، تەختتە نۆۋەت بىلەن ئولتۇرماقچى، دەپ قارىلىشىنىڭ تېگى-پېيى زادى نېمە؟ «خەلق گېزىتى» 1957-يىلى 22-ماي ساندا جاڭ بوجۈننىڭ «〈سىياسىي لايىھە مەھكىمىسى〉 قۇرۇش توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك سۆزىنى بېسىپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

ھازىر سانائەت جەھەتتە لايىھىلەش ئورۇنلىرى بار، لېكىن سىياسىي جەھەتتە لايىھىلەش ئورنى يوق. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە روھى ناھايىتى زور ئۈنۈم بەردى. پارتىيە ئىچىدە قارار قىلىنىسىلا شۇ بويىچە ئىشلىنىدىغان بولسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چاغدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ، سىياسىي كېڭەشنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئالسا تىنەپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى ئازايتقىلى بولاتتى. . . ئاساسەن پارتىيە ئىچىدىلا مۇزاكىرە قىلىنىدىكەن، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئەزالىرىنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سېلىنىش لازىم، ئۇلارنىڭ ئۆزى لايىقىدا چۈشەنچىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى بار. . .

سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنى سىياسىي لايىھە مەھكىمىسى قىلىۋېلىش لازىم.

. . . ئەنە شۇ لايىھە مەھكىمىلىرىنىڭ رولىنى كۆپرەك جارى قىلدۇرۇش لازىم. سىياسىي جەھەتتىكى بەزى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنى ئاۋۋال شۇلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش كېرەك، ئۈچ مەدىكار بىرلەشسە بىر جوگېلياڭ (دانا) پەيدا بولىدۇ.

. . . سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن قارارىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، كېلەر يىلدا قىلىنىدىغان چوڭ ئىشلارنى بۇ يىلدىلا مۇزاكىرە قىلسا بولىدۇ، ھەممە ئىشتاكۆزدىن كەچۈرۈش تۈزۈمىگە قاراپ تۇرماي، دۆلەتنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ھەرقاچان مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشى لازىم. . .

دۆلەت سوۋېتى (گوۋۇيۈەن) يىغىن ئاچسىلا پۈتۈپ بولغان تەييار نەرسىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، ئۇنداق شەكىللىۋاز يىغىنلارنى ئازايتىش مۇمكىن.

. . .

ئەقىلغەئۇيغۇن بۇ توغرا گەپلەر «سېسىق نامى پۇر كەتكەن» «سىياسىي لايىھە مەھكىمىسى» بوپقالدى! شۇمۇ ھەددىدىن ئاشقان گەپ بولامدىكەن؟ «تەختتە نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرۇش» دېگىنى نەدىن چىقتى؟

ئەمدى 2-نومۇرلۇق «ئوڭچى» لولۇڭجىنىڭ «سەپسەتە» لىرىگە - «〈ئاقلاش ھەيئىتى〉 قۇرۇش توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك سۆزىگە قاراپ باقايلى (ئۇ سۆز «خەلق گېزىتى» نىڭ 1957-يىل 23-ماي سانىغا بېسىلغان). ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق:

. . . خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن سىياسىي كېڭەش كومىتېتى بىر ھەيئەت قۇرسا. شۇ ھەيئەت ئۆتمۈشتىكى «ئۈچكە قارشى» ، «بەشكە قارشى» ھەرىكەتلىرىدىكى، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» ھەرىكىتىدىكى نەتىجىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش بىلەنلا توختاپ قالماي، كۆپچىلىكنى دەردى بولسا ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق ئېلان قىلىشى لازىم. بۇ ھەيئەتلەر رەھبەرلىك قىلغۇچى پارتىيىنى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەربابلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالسا ئىكەن.

كومپارتىيە ئۆز تەشكىللىنىشىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، بولۇپمۇ زىيالىيلاردىن ئەزا قوبۇل قىلىش جەھەتتە تولا بەك ئالدىراپ كەتتىمۇ، قانداق ؟

خىزمەتتە بار، ھوقۇقتا يوق مەسىلىسى توغرىسىدا. . .

ھازىرقى ۋاقىتتا خىزمەتتىكى ئاساسىي ئېغىش «مۇتەئەسسىپلىك» مۇ ياكى قارامىلىقمۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.

بۇ گەپلەردە بىرەر مەسىلە بارمۇ؟ بىرەر ئەمەس، يېرىم مەسىلىمۇ يوق! كەسكىنلىكمۇ يوق، ئۆتكۈرلۈكمۇ يوق، ئەكسىچە مۆتىدىل، سىلىق!

سەل-پەل ئۆتكۈررەك بولغىنى چۇ ئەنپىڭنىڭ «جاھان پارتىيىنىڭ بوپقالدى» دېگەندەك سۆزلىرى. ئۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى — «ماۋجۇشىغا ۋە جوۋزۇڭلىغا ئازغىنە پىكىر» («خەلق گېزىتى» نىڭ 1957-يىل 2-ئىيۇن سانىغا بېسىلغان):

مېنىڭ قارىشىمچە، پارتىيىنىڭ دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىشىۋاتقانلىقى بۇ دۆلەت پارتىيىگە تەئەللۇق بوپقالدى دېگەن گەپ ئەمەس. پارتىيىنى ھەممىمىز ھىمايە قىلىمىز، لېكىن ئۆزىمىزمۇ دۆلەتنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق. . .

ھازىر بىر مىسال كەلتۈرۈپ، ماۋجۇشى بىلەن جوۋزۇڭلىدىن ئەقىل سورىغۇم كەلدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ماۋجۇشىنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى ئەربابلار بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇمىز، دېگەن تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق. 1949-يىلى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئۈچى پارتىيە سىرتىدىكى ئەرباب ئىدى، تۆت زۇڭلىنىڭ ئىككىسى پارتىيە سىرتىدىكى ئەرباب ئىدى، ئۇ چاغدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت دېگۈچىلىكى بار ئىدى. لېكىن كېيىن ھۆكۈمەت قايتا تەشكىللەندى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بىرگە چۈشۈپ قالدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىدىكى بىرقانچە پارتىيىسىز مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ئورۇندۇقلىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا كۆچۈرۈلدى. بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، ھازىر دۆلەت سوۋېتىدە مۇئاۋىن زۇڭلى 12گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىيىسىز ئەربابلاردىن بىرىمۇ ئادەم يوق، پارتىيىسىز ئەربابلار ئىچىدە شۇنداق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا يارىغۇدەك ئادەم يوقمىكەن؟! . . .

بۇ گەپلەر بىرئاز قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى راست — ئەمەلىيەت. ئەمەلىيەتنى سۆزلىسىمۇ جاھانغا سىغمايدىغان چوڭ جىنايەت بولامدىكەن؟ «ئوڭچى» لارنىڭ شۇ باشلامچىلىرىنىڭ گەپلىرى قانۇنغا سىغىدىغان گەپ تۇرسا، 550مىڭ سالوكلىرىنىڭ گەپلىرى قانچىلىك زەھەرلىك بولار؟ بۇنىڭ بىلەن پارتىيىگە قارشى گەپلەر ھەرىكەتىنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرۇۋەتتى، دەپ ئىسپاتلاشتا ھەقىقەتەن باشقا غەرەز بار.

ئەمدى تۆۋەندىكى گەپلەرگە قاراپ باقايلى:

«. . . كومپارتىيىمىز دېموكراتىك پارتىيە — گۇرۇھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىماقچى. دېموكراتىك پارتىيە — گۇرۇھلاردىكى ئەربابلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى سۆزلەپ باقسۇن، سۆزلىرى ئورۇنلۇق بولسىلا، كىمنىڭ سۆزلىشىدىن قەتئىينەزەر، قوبۇل قىلىمىز.

سايلام ھوقۇقى بولغانىكەن، ئاساسىي قانۇن بويىچە ئۇنىڭ سۆز ئەركىنلىكى بار، سۆزلىشىگە يول قويىمىز. مەن ئۇنى تەنقىد قىلىشىم مۇمكىن، ئۇمۇ مېنى تەنقىد قىلىشى مۇمكىن. سۆز ئەركىنلىكى دېگەن ئەنە شۇ. بەزىلەر ماركسىزمنى تەنقىد قىلساق بولامدۇ؟ دەيدۇ. ماركسىزم تەنقىد قىلىنغانغا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھەقلىق؛ ئۇنداق ماركسىزمنىڭ كارغا يارىمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. . . ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىسۇن. ھازىر ئېچىلغىنى كۆپ ئەمەس، ئاز، يەنىمۇ ئېچىلدۇرۇش لازىم.

ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىسۇن دېگىنىگە ئىشەنچ يوق، بارچە گۈللەرنى تەكشى ئېچىلدۇرۇمىز، دەپ ئاغزىمىزدىن زەھەرلىك گەپ چىقىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمىز دەيدىغان ئەندىشىلەر تامامەن ھاجەتسىز. ئەگەر قىسىش چارىسىنى قوللىنىپ، ھەممە ئېقىملارنىڭ بەس بەستە سايرىشىغا، بارچە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشىغا يول قويمايدىغان بولساق، مىللىتىمىزنى خامۇش، دىتسىز، يولسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىمىز؛ پارتىيىمىزنى ھەق گەپ قىلىش ئۈستىدە تەتقىق قىلمايدىغان، ھەق گەپ قىلىشنى ئۆگەنمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىمىز. ماركسىزمنى تەنقىد قىلىشقا بولامدۇ، خەلق ھۆكۈمىتىنى تەنقىد قىلىشقا بولامدۇ، كومپارتىيىنى تەنقىد قىلىشقا بولامدۇ؟ مېنىڭچە، تەنقىد قىلىشقا بولمايدىغان گەپ يوق، گەپ تەنقىد ئاڭلاشنى خالاشتا. تەنقىدتىن كىملەر قورقىدۇ؟ جياڭ جېشىگە ئوخشاش ئادەملەر، جياڭ جېشىگە ئوخشاش فاشىزمچىلار قورقىدۇ.

. . . نوقۇل ئىلىم — پەن، سەنئەت مەسىلىسى توغرىسىدىلا ئەمەس، سىياسىي خاراكتېرلىك ھەق — ناھەق مەسىلىسى توغرىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئەركىن سۆزلىشىگە يول قويۇش لازىم، ئەكسىلئىنقىلابچىلاردىن بولمىسىلا بولىدۇ.

كۆپچىلىك كىچىك شەيخ ئۈستىدىن بىر مۇنچە پىكىر بېرىپتۇ، چوڭ شەيخ ئۈستىدىنمۇ پىكىر بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.»

. . . بۇ گەپلەر ئۆتكۈرمۇ؟ كەسكىنمۇ؟ لېكىن بۇ گەپلەر ماۋزېدۇڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان، ئۇنداق بولمىسا كىممۇ بۇ گەپلەر ئۈستىدىن بىر نېمە

دېيەلىسۇن؟

باشتىلا شۇنداق مۇراد - مەقسەت پۈكۈلگەنىكەن، «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەنىكەن، ئەمىسە بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا «ئەھۋال ئۆزگىرىپ كېتىۋېتىپتۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىش بىرئاز يېنىكلىك بولمامدۇ؟

«ھەددىدىن ئاشقان ئۇچچىل سۆز» لەرنى ئىنكار قىلىش دېمەك شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۈنىلىشىنىڭ بۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. ئەمەلىيەتتە شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئېغىز-پەس سۆزلەيدىغان، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەن بىلەن قاپلانغان «سېسىق توققۇزىنچى (زىيالىيلارنىڭ شۇ چاغدا جەمئىيەتتە رەتكە تىزىلىش تەرتىپى. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىنىڭ ئىزاھى) لارنى «يۇيۇپ تاراش» ئىكەن!

خىروشچېفنىڭ «مەخپىي دوكلاتى»، قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8-قۇرۇلتىيى، ھونگرىيە ۋەقەسى دېگەندەك سىياسىي ۋەقەلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى، ماۋزېدۇڭ خىروشچېفنىڭ دوكلاتىدىن خېلىلا رەنجىدى، ھونگرىيە ۋەقەسىدىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى، «8-قۇرۇلتاي» ماقۇللىغان قارارلاردىن بىرئاز نارازى بولدى. ئۇ: قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش دېگىنى «مېنى تىللىغان» لىقى، «مەن كۆرمەيمەن، مېنى تىللىغان نەرسىنى نېمىشقا كۆرۈدىكەنمەن!» دېگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «8-قۇرۇلتاي» نىڭ ئاساسىي زىددىيەت بۇرۇلدى دەپ تەكىتلىگەنلىكى سىنىپىي كۈرەش تەلىماتىغا زىت ئىكەن. كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى تەكىتلەپ، شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ماۋزېدۇڭنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ خىلاپ ئىكەن! ئۇ، ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن، ئالىي ھوقۇقنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيدىكەن. شۇڭا ئۇ قان تۆكۈلمەيدىغان «ئۇرۇش» قوزغاپ، ھەم «8-قۇرۇلتاي» نىڭ خۇلاسىسىنى تولغاپ، ھەم ئەنسىزلىك ئامىللىرىنى يوقىتىپ، پارتىيە سىرتىدىكى ئەربابلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، كېيىنلىكى ئۈچۈن يول سېلىش نىيىتىگە كەلگەن.

ئۇ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى تۈجۈپىلەپ پىلانلىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا كەينى-كەينىدىن چاقىرىق چىقىرىپ، خەقنى «سايراش» قا رىغبەتلەندۈردى، ئۇياق-بۇياققا بېرىپ تەبەسسۇم چىراي بىلەن ۋەز ئېيتىپ، كىشلەرنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى، خەقنى ئاز-تولا بىرنەرسە دېمىسەك پارتىيىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئوخشايمىز دەيدىغان يەرگە كەلتۈردى! جاڭ بوجۈننىڭ ئەسلىدە گەپ قىلغۇسى يوق ئىكەن. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي، «سىياسىي لايىھە مەھكىمىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەن.

بىر تۈركۈم لوخا بېلىق قارماققا ئىلىنغاندىن كېيىن، بېلىقچى چوڭ تورنى يىغىشقا كىرىشتى. جاڭ نەيچى «پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋالدى» دەپ تەنقىد قىلىۋاتقان چاغدا، ماۋزېدۇڭ پارتىيە ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا «ئىش ئۆزگىرىۋاتىدۇ» دەپ يەل بېرىۋاتاتتى. ئۇ بوۋاي 1957-يىلى 8-ئىيۇندا بىر دومىلاپلا، شۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇيەر-بۇيەرگە بېرىپ ۋەز ئېيتىپ، خەقنى ئېچىلىپ-سايراشقا سەپەرۋەر قىلغان چاغدىكى كەمتەر، كەڭ قورساقلىقىدىن يېنىپ، «ئوڭچىلارغا قارشى جەڭ» گە باش قوماندان سۈپىتىدە قوماندانلىق قىلدى!

شۇنىڭدىن ئىلگىرى مەركەزنىڭ پارتىيە ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىدىغان پىلانى زادىلا يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش» غەلىبە قىلغاندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە «ئوڭ ئاغمىچىلىق» قا قارشى كۈرەش باشلىنىپ كەتتى، ئىستىل تۈزىتىشكە قانداقمۇ چولىسى تەگسۇن؟ «ئوڭچىلارغا قارشى» تۇرغان بىرىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل پارتىيە ئىچىدە دوست-دۈشمەننى ئايرىش، ھەممىنى «ئوڭچى» قاتارىغا چىقىرىۋېتىمەسلىك توغرىسىدا زادىلا گەپ بولمىدى، بەلكى ھەدەپ كەڭ كۆلەمدە قېزىپ، چەكسىز ھالدا تۇتقىغا كۆتىرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەمگە ئازار بەردى.

ماۋزېدۇڭ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق سۆزلىدى. ئۇ، 1957-يىل 1-ئىيۇلدا «خەلق گېزىتى» گە يازغان «ۋېنخۇيباۋ گېزىتىنىڭ بۇرژۇئا يۈنىلىشىنى تەنقىدلەش كېرەك» سەرلەۋھىلىك باشماقالىدا مۇنداق ئېنىق سۆزلىدى:

«بۇ گېزىتىمىز ۋە باشقا پارتىيە گېزىتلىرى 8-مايدىن 7-ئىيۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىجرا قىلدى، يوليورۇقتا كۆرسىتىلگەنلىرىنى قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، يالماۋۇزلار، ئېزىتقۇلار، جىن - شەيتانلار «بىمالال سايرىسۇن»، شۇمبۇيىلار بىمالال ئۆسسۇن، خەلق كۆرۈپ، ھە، دۇنيادا مۇشۇنداق نەرسىلەرمۇ بار ئىكەن، دەپ راسا چۆچۈسۇن، ئەنە شۇ چاغدا شۇ مەلئۇنلارنى يوقىتىشقا كىرىشىش ئاسان» («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 5-توم 436-بەت).

قارائلار، چۈشىنىلمەيدىغان يېرىمۇ بارمۇ؟ بۇنى قانداقمۇ خەقنى «پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە ياردەملىشىش» كە تەكلىپ قىلىش دېگىلى بولسۇن؟ بۇنىڭ قاپقان ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرمامدۇ!

ئەسلىدە جۇڭگودا قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەيدىغان قاراملىقىغا قارشى تۇرۇلۇۋاتاتتى، «ئوڭچىلارغا قارشى» كۈرەش جۇڭگونىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىنى ئۈزۈل-كېسىل بۇرۇۋەتتى، قاراملىقىغا قارشى تۇرۇش توسۇلۇپ قالدى، ئاساسىي زىددىيەت بۇرۇلۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە «8-قۇرۇلتاي» لۇشيەنى رەت قىلىندى، ئاندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدىكى ئولڭ ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇلدى، گېنېرال پېڭ دېخۇەي ئاتتىن يىقىتىلدى، جۇئېنلەي ۋە چېن يۈنمۇ «ئولڭ ئاغمىچى بولۇشقا تاسلا قالدى» دەپ ئەيىبلەندى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق كوممۇنىسى»، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بارغانسېرى قايناپ كەتتى. ئادەمنى قىينايدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 20-يىللىق چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى باشلىنىپ، مۇقەددەس ئەلنى بالايىئاپەت قاپلىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى سۆزلىمىسەكمۇ چۈشىنىشلىك! يېڭى بىر قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى غەربتە، ياپونىيىدە مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەۋاتقان بىر چاغدا، قەدىمىي جۇڭگو ئۇ ھەرىكەت - بۇ ھەرىكەتنىڭ بالايىئاپەتلىرىگە پېتىپ قالدى، تەرەققىيات پۇرسىتى جۇڭخۇا ئېلىنى ياندىپ ئۆتۈپ كەتتى.

---

چېن مىڭخەي ئاپتورلۇقىدىكى بۇ مۇھاكىمە ئەسلى «خېبېي گېزىتى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان «فېلىيەتون» ئايلىق ژۇرنىلى 2001-يىل 11-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## خرۇششېفنىڭ قالپىقى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى خرۇششېف «غەلىتە» ئادەم ئىكەن. ئۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر يىغىنىدا سۆزگە چىققان چېغىدا سۆزلەۋېتىپ، بەتىنكىسى بىلەن شىرەگە ئۇرغانىكەن؛ ئەنگلىيە پارلامېنتىدا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ ئالجىغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللىرى بىر مەزگىل «قىزىق پاراڭ» غا ئايلىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىمۇ ناھايىتى خىجالەتچىلىككە قالدۇرغانىكەن. سوۋېتلىكلەر خرۇششېفنىڭ قالتىس چوڭ بىر دۆلەتنىڭ داھىيسىغا مۇناسىپ ئوبرازىنى ئاياپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپتۇ، شۇ چارە - تەدبىرلىرى خېلى ئوبدان ئۈنۈملەرنىمۇ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى غەرب دۆلەتلىرىدىن بىرىنىڭ رەھبىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققاندا، باشقىلار ئۇچىسىغا پەلتۇ، بېشىغا تەلپەك كەيگەن بولسا، يالغۇز خرۇششېفلا يالاڭباش ئىكەن. ئايرودرومدىكى كۆرۈنۈشتىن تارتىلغان فوتو سۈرەتنى گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىدىغان چاغدا، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرى: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت رەھبىرى غەربلىكلەرگە قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلغىنىنى نېمىسى؟» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئابرويىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۈرەت تەييارلىغۇچى خادىم خرۇششېفنىڭ بېشىغا بىر قالپاقنى سىزىپ قويۇپتۇ. شۇ سۈرەت ئەتىسى گېزىتكە چىققاندا، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ قاپتۇ. قارىسا، خرۇششېفنىڭ بېشىدا بىر قالپاق، قولىدىمۇ بىر قالپاق تۇرغان!

گورباچېف ئەدەب-قائىدىلىك، كەمتەر زات ئىكەن، بىراق تەلىيى تەتۈر كېلىپ، بېشىنىڭ چوققىسىدىكى ناھايىتى روشەن بىر قىزغۇچ مەڭ ئۇنىڭ «ئوبرازى» غا قۇسۇر يەتكۈزۈپ تۇرۇدىكەن. چىراي پەردازچىلىرىمۇ ئامال قىلالماپتۇ، ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئامال قىلالماپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گورباچېفنىڭ سوۋېت گېزىت-ژۇرناللىرىدا، تېلېۋىزورلىرىدا كۆرۈنىدىغان بېشىدىكى مەڭ پۈتۈنلەي تېخنىكا جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن، شۇڭا سوۋېت خەلقى گورباچېفنىڭ بېشىدا بىر پارچە «دۇنيا خەرىتىسى» بارلىقىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىلمىگەنىكەن. ئۇنىڭ رەپىقىسى رەئىسەمۇ بوش كەلمەپتىكەن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدىغان ھەربىر پارچە سۈرىتى توغرىسىدا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن، يۈزىدىكى قورۇقلارنى، ئېڭىكىنىڭ قوش كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سالپىسىنى يوقاتتۇرۇدىكەن، ھەتتا چاچ ۋە بېزەكلىرىنىڭ پاسونلىرىنى سۈرەتتىكى ھالىتىدىن باشقىچە ئۆزگەرتتۈرۈدىكەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «دېلودىكى سىرلىرى» ئاشكارىلانغاندىن كېيىن شۇنداق نۇرغۇن «قىزىق پاراڭ» لار پۇر بولۇپ يېيىلىپ، ئاڭلىغانلىكى ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈردى.

لېكىن خرۇششېفقا قالپاق كەيدۈرۈپ قويغان، گورباچېفنىڭ تۇغما قىزغۇچ مېڭىنى يوقىتىۋەتكەن چاغلىق ئۇستىلىقلارنى شۇمۇناسىۋەت بىلەن «سوۋېتچە»، «سوۋېت خۇسۇسىيەتلىك» دەپ ئاتايدىغان بولساق ئادالەتسىزلىك قىلغان بولىمىز. ئەمەلىيەتتە ئالىي ھۆرمەت ئىگىلىرىنى ئاياپ ھەزەر قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇدىغان ھەتتا ياسىمىلىق قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولۇپ ئۆتكەن. بوي-بەستى پاكار - دوغىلاق ناپالېئون ئادەتتە دائىم ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىدىكەن؛ يەنە تېخى ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقىغا كەلگۈسىدە ئەسلىمە يازساڭلار، بويۇمغا بەش سانتىمېتىر قوشۇپ ئېگىز بويلۇق قىلىپ يېزىڭلار، دەپ تاپىلىغانىكەن. ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خارۋارد ھەيكىلى شۇنداق سۈرلۈككەنكى، «ئامېرىكىدا ئۇنىڭغا تاۋاپ

قىلمايدىغان ئادەم يوق» دەيدىغان تەرىپ بار. لېكىن ئۇ ھەيكەلدىكى خارۋاردنىڭ ئەمەلىيەتتە ياسالما خارۋارد ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن! ئۇ ھەيكەل خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىسى يوھان خارۋارد ۋاپات بولۇپ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، چىراي - تۇرقى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشىتىپ قويۇلغانىكەن. ئاسىيادىكى بىر كىچىك دۆلەتنىڭ سابىق رەھبىرىنىڭ پاتىگىدا مۇشتۇمدەك يوغان بىر مونەك بار ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ھەرىيەردە ئېسىقلىق تۇرغان ئۆلچەملىك سۈرىتىدە مونەك كۆرۈنمەيدىكەن، گېزىتلەردىكى سۈرەتلىرىدىمۇ، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدىمۇ كۆرۈنمەيدىكەن. بۇنىڭمۇ «تېخنىكىلىق جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىنغان»لىقىدا شەك يوق.

بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئەشۇ قاغىش تەگكۈر بىمەنە كۈنلەردە شۇنداق ئىشلار ئاز بولمىدى. ياشتا چوڭراق ئادەملەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، جىڭگاڭشەندە «جۇدې بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇچرىشىشى» دېگەن مەشھۇر بىر ئىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا «لىن بياۋ بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇچرىشىشى» غا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن؛ روتاكوماندىرى ،رىجىلىك كىچىككىنە بىر ئەمەلدارچاق بۈيۈك داھىي بىلەن ئۇچراشتۇرۇلغان؛ باش قوماندان جۇدېنى قەيەرلەرگە كەتكۈزۈۋەتتىكى - تاڭ. ئۇلار قاراپ تۇرۇپ توقۇغان، بۇرمىلاپ سەھنە ئەسەرلىرى يازغان، شېئىر توقۇغان ،رەسىم سىزغان ۋە بۇنى ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىسىگە قۇيغان. شامالنىڭ يەلپۈنۈشىدىنمۇ ،سۇنىڭ شىلدىرلىشىدىنمۇ، نۇردىنمۇ، ئاۋازدىنمۇ شۈركىنىدىغان «مۇئاۋىن باش قوماندان لىن بياۋ» ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان مورفىن چېكىپ كەلگەنلىكتىن بەڭگى چىراي ئىدى. «مۇئاۋىن باش قوماندان لىن بياۋ» نىڭ «تېنى ساغلام» لىقىنى ۋە « مەڭگۈ ساغلام» لىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالاقىدار ئورۇنلار جىق ئەجىر قىلىپ، بىرمۇنچە چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇ بەڭگىنى «چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان» قىلىپ كۆرسىتىپ، خەلقنى بىر قانچە يىل ئالدىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىنسانلىق ھوقۇق (يەنى ئادەملىك ھوقۇق) تىلغا ئېلىنماقتا. ئىنسانلىق ھوقۇق جۈملىسىدە تەبىئىيكى، ھايات ياشاش ھوقۇقى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ؛ روناق تېپىش ھوقۇقى، سۆزلەش-بايان قىلىش ھوقۇقى ، كۆچۈش ھوقۇقى، ئىلىم-بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ۋە سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ،سىياسىي ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ھوقۇقلىرىمۇ بولمىسا بولمايدۇ. نەزەردىن ئاسانلا چەتتە قالىدىغان يەنە بىر ھوقۇقمۇ باركى، ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ «ۋاقىپ بولۇش ھوقۇقى». دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرى، يۆنىلىش - سىياسەتلىرى، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىدارىلارغا كادىر ئېلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى ، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىگە كاشىلىسى يەتمەيدىغانلا بولسا، خەلققە ئېنىق بىلدۈرۈش زۆرۈر. رەھبەرلەرنىڭ نامۇ-ئەمەلى، قورسىقىدىكى ئۈمىچى، ئائىلە ئەزالىرى، شەخسىي كىرىمى، سالامەتلىك ئەھۋالى، ھەقىقىي قىياپىتى - بۇلارنىمۇ «شەخسىيىتى» گە تەگمەيدىغانلا بولسا خەلققە ئېنىق بىلدۈرۈش لازىم، بۇنى دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىۋېلىش لازىم. ئەگەر پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ ۋە دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان رەھبەرلىرىنىڭمۇ «ھەقىقىي قىياپىتى» دىن ئېنىق ۋاقىپ بولالمىسا، ئۇ ھالدا ئىشىنىش، ئېتىمات قىلىش، ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش دېگەن گەپلەرنى ئاغزىغا ئالمىقى تەس بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەرنىڭ ئوبرازى ياساپ-پەردازلاپ يۈرگەندىن كۆرە ساپ ھالىتىدە تۇرغىنى ياخشى، كەمتۈك يەرلىرىنى يامىغاندىن كۆرە ئەينەن تۇرغىنى ياخشى. ئاز-تولا ئەيىبى بار ئادەملەرنىڭ تولىسى چىن ئادەملەردۇر، ھېچقانداق ئەيىبى يوق ئادەملەرنىڭ تەگدىن تولىسى «ياسالما» ئادەملەردۇر. بۇ ھەقتە خەلقنىڭ ھۆكۈمىگە ۋە نەزىرىگە ئىشىنىڭ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ بويى ئاران 1.5 مېتىردىن سەل ئارتۇق كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ئەزىمەتلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەممۇ بارمۇ؟! روزۋېلت ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى غالتەك ئورۇندۇقتا ئۆتكۈزگەن. شۇنداق بولسىمۇ ئامېرىكانلار سايلامدا ئەنە شۇ يېرىمپالەچ ئادەمنى سايلىغان. لېكىن گورباچېفنىڭ تەختتىن بالدۇر چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ بېشىدىكى مەشھۇر مەڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

پەرەڭلەردە: تارىخ خالىغانچە پەرداز قىلىپ ياساپ-جابدۇغىلى بولىدىغان قىز بالىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى-ۋەسلى ئاخىر ھەممىگە ئاشكارا - ئايان بولماي قالمايدۇ، دەيدىغان ماقال بار. دېمەك، بۈگۈن پەرداز بىلەن ياپسا، ئۇستىلىق بىلەن كۆز باغلىسا، خۇدۇكسىرەپ يوشۇرسا، رىياكارلىق قىلسا، قارىماققا قىل سىغمايدىغاندەك تەبىئىي كۆرۈنسىمۇ ئەتىسى سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ مەسخىرىگە قېلىشى مۇمكىن. خۇددى مانا بۈگۈن خىروشېفنىڭ قالپىقى، «مۇئاۋىن باش قوماندان لىن بياۋ» نىڭ «نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى» نى سۆز-چۆچەك قىلغىنىمىزغا ئوخشاش. بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى (پرېزىدېنتى) لىنكولىننىڭ بىر مەشھۇر سۆزى ئېسىمگە چۈشتى: ھەرقاچان، ھەممە ۋاقىت بەزى ئادەملەرنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن، بەزى ۋاقىتتا ھەممە ئادەمنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ھەرقاچان، ھەممە ۋاقىت ھەممە ئادەمنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.

---

چېن لۇمىن ئىمزالىق بۇ ماقالە «سىچۇەن ئەدەبىياتى» نىڭ 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان، قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

# ئەيىب كىمدە؟

ئايروپىلان مۇللاقلاپ چۈشتى، پويىز سوقۇشۇپ كەتتى، كېمە-پاراخوت چۆكۈپ كەتتى، ئاپتوموبىل كۆمتۈرۈلۈپ چۈشتى، زاۋۇت پارتلاپ كەتتى. . .

«مۇقەددەس زېمىنىمىز» دا يېقىندىن بۇيان پاجىئەلىك بالا - قازالار كەينى - كەينىدىن يۈز بەرمەكتە؛ خەلقنىڭ ئاھ - زارى پەلەككە يەتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولماقتىمىز: بۇنداق ھادىسىلەرنى ئەمدى چەك تۇتمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتتى!

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەلۇم بىر رايوندا پەقەت بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا 25مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 3900دىن ئارتۇق ئادەم قازا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ رايوننىڭ بىر ئاساسىي رەھبىرى: «ئەمدى چەك تۇتمىسا بولمايدىغان ۋاقىت بوپقالغان»لىقىنى ھېس قىلىپ، قول ئاستىدىكى رەھبەرلەرگە مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «ماشىنا - ماشىنا ئادەم مۇللاقلاپ چۈشۈۋاتسا، ئادەملەر كېمە - كېمە، پاراخوت - پاراخوتلاپ غەرق بولۇۋاتسا، ئەمەلدارلىقىمىزنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟ پۇقرالارنىڭ جېنىنى ساقلىيالمىغانىكەنمىز، تەرەققىيات - پەرەققىيات دېگىنىمىز نېمىسى؟ . . . قانلىق بەدەل تۆلىگەنىكەنمىز، بۇ بەدەلدىن قانلىق ساۋاق ئېلىشىمىز لازىم. 3000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ جېنى بىزنىڭ ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچالارمىكى - تاڭ؟» («گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» 2000-يىل 13-ئىيۇلدىكى سانىغا قاراڭ).

بۇ سۆزگە تولىمۇ قايىلمەن. بىرىنچىدىن، بۇ سۆز تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سۆزنىڭ جېنى بار. رەھبەر بولغان ئادەمنىڭ سۆزنى مۇشۇنداق سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ قىلغانلىقى ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، بۇ سۆز ئانچە يىك باسمايدىغاندەك تۇرىدۇ: بىر رايوندا، يېرىم يىل ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئۆلۈم-يېتىم بالا-قازالىرى پەيدا بولسا، شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، سىز ئاساسىي رەھبەر بولغان ئادەم شۇ چاغدا نېمىش قىلدىڭىز؟ نېمىگە جاۋابكار بولۇشىڭىز كېرەك؟ ھەسرەت چەكمىدىڭىزمۇ؟ نادامەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمىدىڭىزمۇ؟ شۇنداق ئەيىب سەۋەبى بىلەن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىش خىيالىغا كەلمىدىڭىزمۇ؟

بولتۇرقى گەپ بولسا كېرەك، كورىيىدە بىر چوڭ كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 100دىن ئارتۇق ئادەم قازا قىلغان، ياردار بولغانىكەن، قاتناش مىنىستىرى بىرەر ئېغىز باھانە - سەۋەبمۇ كۆرسەتمەي ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپتۇ. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك بولسا كېرەك، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدە ئاياللارغا قانات سۆرەيدىغان پوخۇرلۇق ۋەقەسى يۈز بەرگەنىكەن، بۇ، «دەرىجىمۇ دەرىجە چەك تۇتۇپ» بىر تەرەپ قىلسا بولىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئۇنداق قىلماي، شۇ ۋەقەنى خىزمىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىمدىن بوپتۇ، دەپ بىلىپ، پرېزىدېنتقا ئىستىپا سۇنۇپتۇ.

ئېھتىمال بۇ ئەھۋاللارمۇ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇ. غەربتە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان غازى - ئەزىمەتلەرنىڭ تولىسى نامسىز ئادەملەردۇر، مەنسەپ تاجىسى بارلىرى تولىمۇ ئاز. مۇبادا بىرەر چاتاق چىقسا، مەسئۇلىيەت ئەمەلدارلاردا بولغاچقا، ئەمەلدارلار ئەيىبنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. مەسىلىنى مۇشۇنداق چۈشىنىش ئۇسۇلى ئەقىلغە ئۇيغۇن. چۈنكى ھەرقانداق مەسىلە يۈز بەرسۇن، ھوقۇقدارنىڭ مەسئۇلىيىتى - جاۋابكارلىقى بار، ھوقۇقدارنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن چوڭ مەسئۇلىيەتتۇر. ھوقۇقدار ئەنە شۇ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالالمىسا، مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولىدۇ، يۈز - ئابرويى تۆكۈلىدۇ، ئۇنداق ھوقۇقدارنىڭ كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنى ياخشى؛ باشقىلارغا ھايت -ھۇيت، ھۆتۆت - پۆتۆت دېيىش سالاھىيىتىمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەتنى باشقۇرۇش ئەزەلدىن ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ماھارەت سەھنىسى، ئۇ مەلۇم بىرەر ئادەمگىلا باقمۋەندە ئەمەس. مەيلى ئوبلاست باشلىقى بولۇڭ، مەيلى رەئىس جۇمھۇر بولۇڭ، قىلغان ئىشىڭىز خىزمەت مەسئۇلىيىتىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانىكەن، ئورۇننى ئىقتىدارلىق ئادەمگە بوشۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇرسىز؛ قولۇمدىن ئىش كېلىدىغان قابىل ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياي دەپ چىرايلىق گەپلەر بىلەن «ئەل ئامان، دۆلەت پاراۋان» دەپ ياسىملىق قىلىشقا ياكى تەۋەيىڭىزدىكىلەرنى قاتتىق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەشكە ئۇرۇنسىڭىز، شۇ ئىشلىرىڭىز مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە كالۋالىقنىڭ ئىپادىسى بوپقالىدۇ.

بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ خىزمەت داۋامىدا ئىشلىتىۋاتقان بىر سۆزى مەندە شەك-شۈبھە پەيدا قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ سۆز: «چەك تۇتۇش» دېمەكتۇر. چەك تۇتۇش دېمەك قولنىڭ بارماقلىرىنى تۆۋەنگە قارىتىپ چەك سىقىش دېمەكتۇر. خىزمەتنى چەك تۇتۇش دېمەك ماھىيەتتە باشقىلارنى چەك تۇتۇش دېمەكتۇر، چاتاق چىقسا تۆۋەندىكىلەر ئەيىبلىك، ئۇنىڭ مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق دېمەكتۇر. مانا شۇنداق تۈز-تەمى بۇزۇلغان «دەرىجىمۇ دەرىجە چەك تۇتۇش» ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە مەسئۇلىيەتنى دەرىجىمۇ دەرىجە تۆۋەنگە دۆڭگەشكە ئۆزگىرىپ

كەتكەن. يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان سۆزنى قىلغان رەھبەر ئەگەر ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمەلدار بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغان شەھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدار ئالدىدىمۇ شۇنداق سۆزنى قىلىشى مۇمكىن، ناھىيە دەرىجىلىك ئەمەلدارمۇ يېزا-بازار دەرىجىلىك كىچىك ئەمەلدارلار ئالدىدا يەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشى مۇمكىن؛ ئاخىرىدا ھېچقايسىسى جاۋابكار ئەمەس، پەقەت پۇقرا - ئوقەتچى، تىجارەتچى، كاسىپ ۋە ھەقدارلارلا ئەيىبلىك بوپقېلىشى مۇمكىن. ئۇلار جېنىدىن ئايرىلىشى، پۇل-مېلىنى زىيان تارتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋابكار بوپقېلىشى مۇمكىن. «بىر مەھەل مەنسەپ تۇتقانىكەنمەن، بۇيەرنىڭ پاراۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن ئەمەلدارلار بولسا «ۋىجدان ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يېرىم يوق» دەيدىغان «ياخشى ئەمەلدار» بوپكېتىۋېرىشى مۇمكىن.

جۇڭگودا مەنسەپدارلار ئىچىدە «ئەيىبلەش مەدەنىيىتى» باردەك قىلىدۇ. يەنى بىرەر ۋەزىپىنى تاپشۇرغاندا ئالدى بىلەن «ۋەزىپە ئورۇندالمىسا، سىنى جاۋابكارلىققا تارتىمەن»، «×× قورغاننى ئالالمىساڭ، كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن» دەيدىغان گەپلەر بار. بۇ گەپچە بارلىق مەسئۇلىيەت تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە ئارتىلىدۇ، ۋەزىپە تاپشۇرغۇچىنىڭ قارارى توغرىمۇ - خاتامۇ، پىلان - تەدبىرلىرى مۇكەممەلمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇلار تەكشۈرۈلمەيدۇ؛ ۋەزىپە ئورۇندالماي قالسا ياكى پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرىسا، خۇددى جۇگېلياڭ ئەيىبنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىز ماسۇنى خاتا ھالدا لەشكەر بېشى قىلىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىغا قويماي، ئەكسىچە لەشكەر بېشى ماسۇنى تەرسالىق - باشباشتاقلىق قىلدى دەپ كاللىسىنى ئالغانغا ئوخشاش ئىش قىلىدۇ؛ مۇبادا ۋەزىپە ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىپ، غەلىبە بايرىقى ئېگىز لەپىلدىسە، رەھبەرلىكنىڭ قارارى ئاقىلانە چىقىرىلغان، قوماندانلىق ياخشى قىلىنغان دەپ خۇلاسە قىلىنىدۇ ۋە لېكىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر بولسا يەنە داۋاملىق ھالدا: «مەغرۇرلۇقتا، قانائەتچانلىقتا قارشى تۇرۇشى كېرەك»، «غەلىبە شادلىقى بىلەن مەستخۇش بولماسلىقى كېرەك» دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ھەتتا ئاتالمىش غەلىبىنى تەبرىكلەش، تەقدىرلەش يىغىنلىرىدا ئەمەلدارلار تۆردە ئولتۇرىدۇ، خىزمەت كۆرسەتكەن غازى-قەھرىمانلار بولسا ھەرقاچان ھوقۇقدارلارنىڭ روبىروسىدا - پەگادا ئولتۇرىدۇ.

تېلېۋىزوردا پات - پات كۆرۈپ قالىمىز: چەت ئەللەردە بىرەر ماشىنا ئۆڭتۈرۈلۈپ، ئىككى - ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئەھۋال خەلقئارا خەۋەرگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىزدە «ماشىنا - ماشىنا ئادەم موللاقلاپ چۈشسە، ئادەملەر كېمە - كېمىلەپ، پاراخوت - پاراخوتلاپ غەرق بوپكەتسە»، شۇنداق ئىشلار سۈرەت ياكى رەسىم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرەمدىكىن - تاڭ؟ چوڭ دۆلەت دەيدىغان ئوبرازنى تىكلەش ئۈچۈن تۈرلۈك تەبرىك مۇراسىملىرىنى نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ ھەشەمەتچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، لېكىن ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ماشىنا-ماشىنىلاپ ئادەم ئۆلسە، كېمە-كېمىلەپ ئادەم غەرق بولسا خەلق بۇنىڭغا كۆلەمدىكى ياكى ھەسرەتلىنەمدىكى - تاڭ؟! شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلۈۋاتسا، ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن ياكى ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىماي، يەنە تېخى ئۇنداق-مۇنداق يولىيورۇقلارنى بېرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، بۇنداق ئەھۋال پەرەڭلەر (چەت ئەل خەلقلىرى) نى ھەيران قالدۇرماي قالماس.

---

جاڭ شىنرۇئىمزالىق بۇ تەقرىز ئەسلى «شەنشى ئەدەبىياتى» نىڭ 2001-يىل 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 8-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان بولۇپ، قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان.

## ئۆلگەنلەرنىڭ شان - شەرىپى

يېقىندا كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن ئۆلۈم ھادىسىلىرى خەلقىمىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 20-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قارىسىڭىز مۇنداق گەپلەرنى كۆرۈسىز: بۇ يىلنىڭ ئۆتكەن يېرىمىدا مەملىكەت بويىچە جەمئىي 350 مىڭدىن كۆپرەك ھەرخىل ئۆلۈم-يېتىم ھادىسىسى يۈز بەرگەن، شۇ ھادىسىلەردە 47 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، شۇ جۈملىدىن بىر قېتىمدا ئوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە 64 بولۇپ، 1211 ئادەم ئۆلگەن.

ئادەمنى يىرگەندۈرۈدىغان بۇ رەقەملەرنى كۆرگەندە تېنىمىز جۇغۇلدىماي قالمايدۇ. يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە نەچچە 10 مىڭ ئادەم ھەرخىل ھادىسە بىلەن ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ نامىنى بىلىدىغان ئادەملەر ھېچقانچە كۆپ بولمىسا كېرەك، ئۇلارنى يادلايدىغان ئادەملەر تېخىمۇ ئازدۇ. چۈنكى پانىي دۇنيا جەمئىيىتىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا، قازاغا يولۇققان شۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ دىققەت-نەزىرىنى تارتىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان ئادەملەر، ئېيتايلۇق، مەشھۇر ئادەملەر يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ھېلىقىدەك رەقەملەرنى كۆرگەندە ئاھ ئۇرماقتىن باشقا يەنە نېمە قىلالىسۇن؟! قازاغا ئۇچرىغان ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئۆلۈمى ئالاھىدە ئەربابلارنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش شان-شەرەپلىك بولالمايدۇ.

سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، نەچچە ئونمىڭ ئەزىز جاننىڭ توگەپ كېتىشى ئۈن-تىنسىز ئۆلۈپ كېتىشتۇر؛ ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى گېزىتلەرگە چىققان تەقدىردىمۇ «بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى»، «ۋاپات قىلدى» دېيىلمەي، «×× ئادەم ئۆلدى» دېيىلىدىكەن. ئۇلارغا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزى ياشىغان بۇ جەمئىيەتتىن تېگىدىغان شان-شەرەپ پەقەت ئەنە شۇ بولىدىكەن، خالاس.

ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتى، جېنى ئوخشاش قەدىرلىك بولىدۇ، بۇ، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئەقىدىسىنىڭ بىسمىللاسى. شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ تىرىكچىلىك ھاياتىمىزدا بەزى ئادەملەر ھەتتا بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق گېپىمۇ «ھەقىقەت» كە ئايلىنىپ قالىدىغان دەرىجىدە «كاتتا» ئادەم بوپقالىدۇ؛ يەنە بەزى ئادەملەر ھەق گەپنى - راست سۆزنى قىلغانلىقى ئۈچۈن كاچات يەيدىغان «پەس - ھەقىر» ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن پانىي دۇنيا جەمئىيىتىدىكى بۇنداق مىزاندىن ئادەملەرنىڭ جانلىرىدا ئېگىز-پەس دەيدىغان پەرق بار دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. دېمەك، يالماۋۇزدەك خۇنخور ئەمەس ئىكەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ئەزىز، قەدىرلىك جانغا تېگىشلىك شان-شەرەپكە نائىل بولۇش ھەققى بار. ھەرئادەمنىڭ ھەر شارائىتتىكى ئۆلۈمى ئۆزىگە يارىشا «ئەھمىيەت» كە ئىگە. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بۇنداق ئەقىدە جاننىڭ قىممىتى بىلەن ماسلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى بۆلەك ئەقىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پات - پات شۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرىمىزكى، چەت ئەللەردە چوڭراق ئاممىۋى ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ شاھ - پادىشاھلىرى، باش ۋەزىرلىرى، جۇمھۇرىيەت رەئىسلىرى دېگەندەك كاتتا ئەربابلارمۇ قازا قىلغانلارنىڭ ئۆلۈمى ئۇ قەدەر داغدۇغىلىق بولمىسىمۇ، ھېچقانداق ئالاھىدە «ئەھمىيىتى» بولمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىززەت-ئېھتىرام بىلەن تەزىيە بىلدۈرىدىكەن. جاننىڭ تەڭداشسىز قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئاساس قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئالاھىدە شەرت كېرەك ئەمەس ئىكەن. مانا بۇ ھازىرقى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت پۇقرالىرىنىڭ ئەقىدىسىدۇر. ئەگەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ھايات بولسا، مۇشۇنداق ئىنسانىي مېھىر-شەپقەتنى سېزىۋالىشى مۇمكىن. جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن بىرەر ئىلھام ئالسا بولماسمۇ؟!

يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن بالا-قازالاردا خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي ئالامەت يوق ئەمەس. ئەپسۇسكى، بىز شۇ ئالامەتلەرنى ئوبدان بىلىپ كېتەلمىدۇق ياكى بىلىۋېلىشقا رايىمىز بارمىدى، بىلىۋېلىشنى ئانچە خالىمىدۇق. دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇلى يېقىندا كەينى - كەينىدىن يۈزبەرگەن چوڭ ھادىسىلەردىن قارىغاندا« ئامانلىقنى مەخسۇس رەتكە سېلىش جەھەتتە يەنە تېخى دىققەت - نەزىرىمىز چۈشمىگەن يەرلەر ۋە يوچۇقلار بار ئىكەن» دەيدۇ (شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 20-ئىيۇلدىكى خەۋىرىگە قاراڭ). مانا بۇ سۆزنى ھازىرچە ھادىسىلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى «بىلدۇق» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن شۇنداق مەنا كېلىپ چىقىدۇكى، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى ئامان ساقلاش جەھەتتە ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخى تولۇق ئادا قىلالمايۋاتىدۇ، يەنە «〈دىققەت - نەزىرى〉 چۈشمىگەن يەر» لەرۋە «يوچۇق» لار بار ئىكەن. ئەنە شۇ زور ھادىسىلەر بىلەن قازا قىلغان قېرىنداشلىرىمىز ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان ياكى مەلۇم بولۇشنى خالىمىغان «يوچۇق» لارنى بىلدۈردى. ئۆز ۋەتىنىدە ئامان-ئېسەن ياشاش ھەربىر پۇقرانىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتى ئىكەنلىكىنىمۇ، بۇ جەھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بارلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھايات ياشاپ تۇرغان ئادەملەر ھادىسە بىلەن قازا قىلغان قېرىنداشلىرىمىزنى مىننەتدارلىق بىلەن ياد ئېتىشىمىز لازىم. بۇنداق ياد ئېتىش شۇ مەرھۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك ھەققى-ھۆرمىتى، شان - شەرىپى. دىققەت - نەزەردىن چەتتە قالغان شۇ پالاكەتلىك «يوچۇق» لار شۇنچە كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەزىز جانلىرىغا زامىن بولغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى «خەلقنىڭ چاكىرى» دەپ قارايدىغان مەلۇم ئادەملەر مۇغەمبەرلىك بىلەن «غەمخورلۇق» قىلىپ يۇرمەي ياكى «تەكشۈرۈش خۇلاسىسى» چىققاندىن كېيىنكى «قاتتىق چارە» نى كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئىنساب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئىستىپا» بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلىش مەدەنىيەتلىك ئادەملەردە بولىدىغان پەزىلەتتۇر. «ئىنسانلىق ھوقۇقى جۇڭگودا ھەممىدىن ئاۋۋال ھايات ياشاش ھوقۇقىدۇر» دەۋاتىمىزغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، پۇقرالارنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان ئاساسىي سەپنى چىڭ ساقلاپ تۇرالمايدىغان مەلۇم «خەلق چاكارلىرى» قايسى يۈزى بىلەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئاغزىغا ئالالىسۇن؟ ئۇلارنىڭ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇغان» لىرىدىن كۆرە كەشىنى قولتۇقىغا قىسىپ چىرايلىقچە ئورۇن بوشاتقىنى تۈزۈك. مانا بۇ قازا قىلغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك ھەققى - ھۆرمىتى، شان-شەرىپىدۇر.

چۈنكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئۇلى بار جەمئىيەتتۇر.

---

جاڭ جىنلىن ئىمزالىق بۇ تەقرىز «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001-يىل 10-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان بولۇپ قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى:

**توختى باقى ئارتىشى**

# «خەلقنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ باقاي دەپ»

2001-يىل 23-ئىيۇندا جۇڭگو خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى كۇبا دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 74 ياشلىق كاسترونىڭ شۇ كۈندىكى بىر يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ، ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كاسترو پىژغىرىم ئىسسىقتا قارىماي، ھەربىي كىيىملىرى بىلەن ھاۋانا شەھەر رايونىدىكى بىر بازاردا ئاممىۋى يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇدا ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن كاسترو ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، ئاۋازى تىترەشكە باشلاپ، تۇيۇقسىز مۇنبەرگىلا يىقىلغان، ياردەمچىلىرى دەرھال ئۇنى سەھنىدىن ئېلىپ چۈشۈپ كەتكەن.

يەنە خەۋەردە دېيىلىشىچە، كاسترونىڭ شۇ كۈنى كەچتە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن، يۇمۇرستىكلىقىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەسلىگە كەلگەن. كەچتە تېلېۋىزوردا نۇتقىنى داۋاملاشتۇرغان ھەم چاقچاق قىلىپ، «ئۆلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن» شۇنداق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتقان.

«چەت ئەللىك يولداش» كاسترونىڭ «ھوشىدىن كېتىش ۋەقەسى»گە خېلىلا ئەجەبلەندىم. قانداقلا بولمىسۇن كاسترو ئاللىقاچان 74 ياشقا كىرىپ قالغان ئادەم. ئەمما مېنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۈرگىنى ئۇنىڭ «خەلقنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغىنى!» خەلقتە قانداق ئىنكاس بولماقچىدى؟ كاسترو ئىچىدە زادى نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇ نېمىدىن غەم يەيدۇ؟ نېمىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ؟ نېمىدىن قورقىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇنداق ئويلايدۇ؟ قارىماققا بۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان چاقچاقتەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى ھەرۋاقىت ئۇنى بىئارام قىلىپ تۇرىدىغان غېمى مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىنىڭ ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىسى بار: بىرىنچىدىن، مەن بىر ئىنقىلابىي ئۇستاز، خەلقنىڭ داھىيسى، مەن كېچە-كۈندۈز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، خەلق مەندىن ئايرىلالمايدۇ، ئۆلۈمۈم خەلققە چەكسىز ئازاب ئەكېلىدۇ، دۆلەتكە تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان بولىدۇ، دۆلەت، خەلقنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ ئىككىنچىدىن، مەن ئۆلگەندىن كېيىن بەزى دۈشمەن كۈچلەر خۇشال بولىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇرماقچى بولىدۇ، ھوشۇمدىن كەتكەن بولۇۋالسام، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىپ، كىملەرنىڭ ماڭا سادىق، كىملەرنىڭ ماڭا ئاسىي ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمەن. ئۈچىنچىدىن، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋارىسىمنى تاللىۋالاي. شۇڭلاشقا، ئۇ كېيىن NBC مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «70 ياشلىق ئىنىم رائۇل ناھايىتى ساغلام، چوقۇمكى مەندىن كېيىن ئۇ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق يولداش بولىدۇ، ئۇنىڭ تەجرىبىسى ئەڭ مول، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمنى باسقىدەك ئىقتىدارى بار، دەپ قارايمەن» دېگەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، كاسترو ھوشىغا كېلىپ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئىنىسىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا بىلدۈرگەن.

تارىختىن بۇيان، مۇستەبىتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خەلق ياۋاش - يۇمشاق بولۇپ، «خان» ۋە ئەڭ ئالىي رەھبەرنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئىنىڭ-پىڭ قىلماي ئىتائەت قىلغان ياكى قوزغىلىپ قەتئىيلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. دېموكراتىك، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە خەلق ئۆزىنىڭ پۇقرالىق ئارزۇلىرىنى ئەركىن-ئازادە ئىپادىلىيەلەيدۇ. جۇڭگودا: «سۇ كېمىنى ھەم كۆتۈرەلەيدۇ، ھەم ئاغدۇرۇۋېتەلەيدۇ» دەيدىغان مەشھۇر بىر سۆز بار. بۇ، تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبدان ئېسىدە. بۇ ھېكمەت ھەرۋاقىت ھۆكۈمرانلارغا ئۇلارنىڭ دېڭىزدىكى قولۋاق ئىكەنلىكىنى، ھەرۋاقىت ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار «خەلقنىڭ ئىنكاسى»غا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. خەلقنىڭ بىرەر ئېغىز نارازىلىق گېپى، بىرەر ئېغىز تاپا-تەنىسى كۆپىنچە ھاللاردا ئەل-ئاۋامنىڭ ئەيىبلەش ۋە ھۇجۇملىرىنى قوزغىۋېتەلەيدۇ، دەپ قاراپ جامائەت پىكرىنى چىڭ كونترول قىلىپ، غىدىڭ-پىدىڭ قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئەمما، دېموكراتىك، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان ، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان دۆلەتلەردە دۆلەت رەھبەرلىرى قولۋاق ئەمەس، خەلقنىڭ بىر قىسمى، دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى بولىدۇ. دۆلەت رەھبەرلىرى ھوقۇقتىن چۈشسە، ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ، توپ مۇسابىقىسى كۆرگىلى بارالايدۇ، جاي-جايلارغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىيەلەيدۇ، ھەرگىزمۇ «ئوردا»غا بېكىنىۋېلىپ، ھەر ۋاقىت قېلىن تاملار ئارىسىدىن خەلقنى ماراپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولمايدۇ. ئۇلار ھەتتا زۇكام بولۇپ چۈشكۈرسىمۇ، ناھايىتى ھوشيار بولۇپ «خەلقنىڭ ئىنكاسىغاقاراپباقىدۇ» .

كاسترونىڭ غېمىمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ھېچبولمىسا، ئۇ، خەلقنىڭ ياغاچ ئەمەسلىكىنى، خەلقتە ئىنكاس بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. يېقىندا «جەنۇب ھەپتىلىكى» گېزىتى (2001-يىل 16-ئاۋغۇست سانى) دە مەشھۇر ئىقتىسادشۇناس، «قىزىل بايراق» نەشرىياتىنىڭ نەشرىيات ئىشلىرى ھەيئىتى خۇڭ ۋېدىڭنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئون يىللىقىغا تەزىيە» سىنى ئوقۇدۇم. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ

ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىنلا ئاغدۇرۇۋېتىلمىدى، بەلكى ئۆزى ئىنچىل ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن ئىشچىلار سىنىپى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى. دەل كېيىنكى نۇقتا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنى ھالاكەتكە ئۇچراتقان ھەل قىلغۇچ ئامىل». 1991ـ يىلدىكى «19ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى» سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ «ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇنۇشى» ئىدى. ئەمما ھايات-ماماتلىق پەيتتە سوۋېت كومپارتىيىسى خەلقنىڭ ، ئون مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشەلمىدى، ئارمىيە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدى، ھەتتا سۈركۈلۈش يۈز بەردى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى، سوۋېت كومپارتىيىسى تارقىتىۋېتىلدى، بايلىقلىرى مۇسادىرە قىلىندى. . . ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پېچەتلىگۈچىلەر ھېچقانداق تەشكىللىك قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ ھېچ يەردە ئىشچىلار، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ رايكوم، شەھەرلىك كومىتېت، ئوبكوملىرىنى قوغدىغانلىقى ياكى كەڭ كۆلەملىك نامايىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغانلىقى توغرىلىق خاتىرە يوق. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئىمتىيازلىقلار قاتلىمىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قايتۇرغان «ئىنكاسى!» «خەلقنىڭ ئىنكاسىنى كۆرۈپ باقماقچى» بولغانلارغا ئايانكى، كىم خەلققە ئاسىيلىق قىلسا، خەلق شۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىدۇ، بۇ بىر ئاددىي ساۋات. سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ تراگېدىيىسىگە قارىساقلا بۇنى بىلىمىز!

ئەمما، خەلق سەۋەبسىزلا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىرىـ گە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. خوڭ ۋېدىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ھەتتا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئاسىيلىق قىلىشىدىكى سەۋەبنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: بىرىنچى، ستالىن دەۋرىدىن باشلاپلا «خەلقنىڭ چاكىرى» «خەلقنىڭ خوجايىنى» غا ئۆزگەرگەن. ئىككىنچى، ئىمتىياز، چىرىكلىك سوۋېت كومپارتىيىسىنى خەلقتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويغان. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشىدە سوۋېت كومپارتىيىسى ئىشچىلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ قارىغانلار 4%، خەلققە ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ قارىغانلار 7%، پارتىيە ئەزالىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ قارايدىغانلار 11%، ئەمما سوۋېت كومپارتىيىسى بيۇروكراتلىقىقا، كادىرلارغا، ئورگان-ئاپپارات خىزمەتچىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايدىغانلار 85% بولغان. ئەمەلىيەتتە خەلق ئەمەس، بەلكى سوۋېت كومپارتىيىسى خەلققە ئاسىيلىق قىلغان، سوۋېت كومپارتىيىسى خەلق مەنپەئەتىنىڭ ئەمەس، ئۆز گۇرۇھى مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. بۇنداق چاغدىمۇ خەلقنىڭ ئىنكاسى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. خەلق مۇقەررەر، دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدەك، لەيلەۋاتقان قولۋاقنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ!

«خەلقنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ بېقىش» تىكى چوڭقۇر ۋەھىمە دەل خەلقتىن قورقۇش، ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ھايات چېغىدىكىدەك باھاغا ئېرىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەشتۇر. شۇڭلاشقا، «خەلقنىڭ ئىنكاسى» غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ناۋادا خەلق «ئىنكاس» قايتۇرۇپ قالسا، ھېچكىم ئۇنى «قاراپ بېقىپ» لا ھەل قىلالمايدۇ.

---

شۇنشۆشەن قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتون» ژۇرنىلىنىڭ 2001ـ يىلى 12ـ سانىغا بېسىلغان. جۇرئەت دۆلەت تەرجىمىسى (M1)

بۇ سان 2001 ـ يىل 10 ـ نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2002 ـ يىل 30 ـ نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

# ئادەملەر قېنى؟

ئادىل ئابدۇقادىر



ئادەم بىلەن ئادەمدۇر ئادەم
ئادەم بىلەن بىنادۇر ئالەم
ـ خاتىرەمدىن

گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل: « هاياتتا پەقەت مەلۇم قىممىتى بار نەرسە مەقسەت قىلىنغاندىلا، هاياتنىڭ قىممىتى بولىدۇ» دېگەنىكەن. هاياتلىق كائىناتتىكى مەۋجۇدىيەتكە ئورتاق مەنسۇپ ئۇقۇم. بىراق قىممەت پەقەت ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە يەككە ئىنسانغا مەنسۇپ هايات پەلسەپىسىگە باغلانغان تولىمۇ مۇرەككەپ هەم ۋەزنلىك تېمىدۇر. سوقرات: «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن ئىبارىنى ئېيتقاندا، بەلكىم هاياتنىڭ قىممىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىڭدىن ئىزدە، دېگەننى بىشارەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى مەۋجۇدلۇقىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تولۇق هېس قىلغاندىلا ئاندىن« ئۆزىنى تونۇش» پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. بىراق بۇ خىل پۇرسەت ئىنسان يارالغاندىن تاكى ئۆلگىچە بولغان پۈتكۈل هايات مۇساپىسىگە سىڭىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئۇ ئىنسان شەخسىيىتىدىكى كىچىك ئىشلاردىن تاكى ئىنساننى دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرغان تاشقى هادىساتلارغىچە بولغان مۇرەككەپ تېمىلارنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇش پۇرسىتى بىر تارىخىي پۇرسەت دېيىلسە هەرگىز خاتا كەتمەيدۇ. مۇبادا ئىنسان بۇ خىل تارىخىي پۇرسەتكە ئېرىشەلىسە،

## يېڭى ئەسىردىكى كىرىزىس

ئۇ ئەرشتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگاھىغا ئايلىنىش ماقامىغا يەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان شەيتاننىڭ ھەمراھىغا يەنى ئادەم سۈپەتلىك شەيتانغا ئايلانغان بولىدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇخىل پۇرسەت ھەممىلا ئادەمگە مەنسۇپ تۇرۇقلۇق، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىكىدە. شۇڭا دۇنيانىڭ يېرىمى ئادەم بىلەن تولغان بولسا، يېرىمى يەنىلا شەيتان بىلەن تولغان. دۇنيانىڭ ئىجتىمائىيىتىدىكى كۆرەشنى دەل مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندۈرگەن. دۇنيا بىر سەھنە بولمىغاندا ئىدى، ئادەم رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيتتى، ئادەم-ئادەم بولمىغاندا ئىدى، ئۇ ئاساسىي رولغا چىقمايتتى. مۇبادا، ئادەملىكىنى ئۇخشىتالمىسا، ئېنىقكى، ئاساسىي رولغا شەيتان چىقىدۇ.

مىلادى يىلى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئىنسانلار جەمئىيىتى 2000 يىللىق تارىخىي مۇساپىنى باشتىن كەچۈرۈپ بولدى. بۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىگە ئالقىش ياغدۇرۇش، مەدھىيە ئوقۇش، بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ماختىغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە بۇ يەردە ئۇششۇقچە نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز. تارىخ مەيلى قانداق يارىتىلغان بولسۇن، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشى، ئۇ پەقەت ئۆتكەنكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ، خالاس. بۈگۈنمۇ كەلگۈسىدىكى بىر تارىخ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بىر تارىخ. شۇڭا ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخ بۈگۈننى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشى زۆرۈر. شۇندىلا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى قايتا سادىر قىلىشتىن ساقلىنالايدۇ. ئىنسانلار قاچانكى بۈگۈندىن يىراقلىشىپ كەتسە (بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنىدىن كۆرە ئەتىسىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ)، ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا تارىخ تەتقىقاتى مېتودىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بۈگۈننىمۇ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىش، ئۇنى جەمئىيەتشۇناسلىق، كەلگۈسىشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدىكى مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران قالماي تۇرالمايمىز ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدىكى پارچىلىنىشنى تولۇق ھېس قىلالايمىز. شۇخىل ئۆزگىرىشلەرگە قارايدىغان بولساق، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تەرەققىيات ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، پۈتۈنلۈكتىن يەككىلىككە قاراپ سىلجىغان، ئەۋزەللىك، ئۈستۈنلۈك تالىشىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات داۋامىدا قەبىلە، ئىرق، مىللەت، دىنىي بىرلىك قىلغان تۇرلۇك مەسىلىلەرگە بۆلۈنگەن. ئىنسانلار بولسا شۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى سۈپىتىدە دۆلەت، قانۇن، سىياسىي، مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك دېگەنگە ئوخشاش ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرىغا ئايلانغان. بۇلار گەرچە ئىنسانلارنىڭ «ئەركىنلىك» ئۇقۇمى ئۈستىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچىلىك «ئەركىنلىك» ئۇقۇمىنى ھېچقانداق بىر پەيلاسوپ چۈشىنىشلىك، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە شەرھىيلەپ بېرەلمىدى. بۇ جەھەتتە غەرب پەيلاسوپلىرى ئەڭ كۆپ ئىزدەندى. ئۇلار دۆلەتنى ئەركىنلىكنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ياخشى قۇرۇلما دەپ قارىدى ھەم دېموكراتىيە، قانۇن ئارقىلىق ئادالەتنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىزدىدى. گەرچە پلاتوندىن ماركسقىچە بولغان غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەندىزىسى ئۈستىدە تەكرار ئىزدەنگەن بولسىمۇ مەغلۇب بولدى. پەيلاسوپلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «غايىۋى دۆلەت» قاراشلىرى ئىنسانلارغا ئەركىنلىك ئەمەس، بىرخىل «روھىي چەكلىمە» يۈكلەپ قويدى. ئەمەلىيەت، ئىنسانلارنىڭ قولىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق تارىخىي دەۋرىگە، ھەرقانداق مەدەنىيەت شەكلى، ھەرقانداق ئىنسانلار توپىنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىغا ماس كېلىدىغان ھايات ئەندىزىسىنى تۈزۈپ چىقالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمەلىيەتتە پەيلاسوپلار نەزىرىدىكى «غايىۋى دۆلەت» ئىنسانلار باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئەركىنلىكنى تولۇق ھېس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئۈستىدىن غالىب كېلەلىگەندىلا روياپقا چىقاتتى. بىراق تارىخنىڭ تەرەققىياتى بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى ئىنچىل ئىنكار قىلىپ كەلدى. ئىنسانلار ئۆزلىرى يېتەكچى بولغان غايىگە قانچە ئىنتىلگەنسېرى، ئىشتىيى شۇنچە يوغىناپ باردى، ئۇلار قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى، ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتتى. نەتىجىدە ئورگانىك قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاش بولغان ئادەملەرنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى پەرق ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈننى پۈتۈنلەي ئايرىۋەتتى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. ئىنسانلار تىنچلىق ئىزدىگەنسېرى پاراكەندىچىلىكتىن، ئەركىنلىك ئىزدىگەنسېرى مەنىۋى قۇللۇقتىن قۇتۇلالمىدى. ھالا بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە دۇنيا خاراكتېرلىك كرىزىس چىن ئادەملىك مەنىسىنىڭ ئاجىزلىشى، ئادەملىك تەبىئىيىتىنىڭ غەيرىيلىششى بولۇپ ئىپادىلەندى.

سوقرات: «ئادەم زادى نېمە؟ سەن نېمە قىلماقچى؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، پەلسەپىدە «ئادەم» ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققانىدى. ئۇنىڭ ئادەمنى مەركەز قىلغان ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، دۆلەت ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ قاراشلىرى ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ، ئۆز

كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئۆلۈمى بىلەن ئىسپاتلىدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ دوستىغا: «كرىتو، مەن ئاسكادىسقا بىر خوراز قەرزدار ئىدىم، ئۇنى ئورنۇمدا قايتۇرۇۋەت» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇردى. ئۇ ئۆلۈمى ئالدىدا «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن ئىبارىنى ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئادالەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرگەنىدى. پلاتون سوقراتقا ئوخشاش مۇنازىرىنى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ۋاستىسى قىلمىدى. ئۇ ئانالىز ھەم مۇھاكىمىنى تاللىدى. ئۇ، سوقراتنىڭ ئەگەشكۈچىسى ئىدى. ئۇ دائىم: «خۇداغا شۈكرىكى، مەن بىر ياۋايى بوپقالماستىن، گرېتسىيىدە يارىتىلىپتىمەن، قۇل بوپقالماستىن، ئەركىن ئادەم بوپتىمەن، ئايال بولماستىن ئەر بوپتىمەن، ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مەن سوقرات دەۋرىدە يارىلىپتىمەن» دەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېتافىزىكا، ئىلاھشۇناسلىق، ئېتىكا، پسىخولوگىيە، مائارىپ، سىياسىي، سەنئەت توغرىسىدىكى پۈتكۈل قاراشلىرىنى «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىگە مۇجەسسەملىدى. «غايىۋى دۆلەت» كېيىن پۈتكۈل غەرب دۇنياسى پەيلاسوپلىرىنىڭ دەرسلىكى بوپقالدى، شۇنداقلا ئۇ غەرب دۇنياسى پەلسەپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنكى غەرب پەيلاسوپلىرىدىن نېتزىي، رۇسسېل، گېگېل، فروئىد قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالدى. ئېمېرسون پلاتونغا باھا بېرىپ «پلاتون دېمەكلىك پەلسەپە دېمەكلىك، پەلسەپە دېمەكلىك پلاتون دېمەكلىك» دېدى. ھەتتا ئۇ ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر بىننىي خەتتابنىڭ «قۇرئان» نى مەدھىيىلەپ ئېيتقان: «دۇنيادىكى پۈتكۈل كىتابلارنىڭ قىممىتى ‹قۇرئان› غا مۇجەسسەملەنگەن» دېگەن سۆزىنى پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىگە ئىشلەتتى. پلاتون «غايىۋى دۆلەت» تە شەرھىيلىگەن ئېتىكا، سىياسىي، پسىخولوگىيە مەسىلىلىرى كېيىنكى غەرب پەلسەپىسىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. ئۇ ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى كاتولىك دىنىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئارستوتېل پەلسەپىسىنىڭ باشقا مەسىلىلىرىگە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ، ئۇستازى پلاتونغا ئوخشاش «غايىۋى دۆلەت» قاراشلىرى ئۈستىدە كۆچەپ توختالمىدى. ئۇ، ئۆزى ياراتقان لوگىكا پېنى ئاساسىدا پەنلەرنى تۈرگە ئايرىدى ھەم پەننىڭ تارىختىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى بېكىتتى. ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى «بىرىنچى ئۇستاز» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلىم ئەھلى ھېسابلانغان ھەربىر ئادەم ئارستوتېلنىڭ كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەش، ئۇنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ بىلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى ھەتتا ئىسلام دۇنياسىغا قەدەر تەسىر كۆرسەتتى. تاكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا ھەم شەيئىيلەر ھەققىدىكى بىلىشى ئىلمىي كۆزىتىش ھەم تەجرىبە ئارقىلىق ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكۈچە بولغان ئۇزاق تارىختا ئارستوتېلنىڭ پەن قارىشى غەرب دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى. 15-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھەم شەيئىيلەر ھەققىدىكى ئىلمىي كۆزىتىش، تەجرىبە خۇلاسىلىرىنىڭ ئىبتىراپ قىلىنىشى ھەم كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئارستوتېلنىڭ پەن قارىشىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 15-ئەسىرگىچە بولغان غەرب تارىخىدا بەلكىم كۆز قارىشى ئۇنىڭدەك ئۇزۇن دەۋر سۈرگەن ئىككىنچى بىر گىگانت بولمىسا كېرەك. غەرب دۇنياسىنىڭ كېيىنكى پەلسەپە قارىشى پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» نى ئۆزىگە مەنبە قىلىپ، پەن قارىشى دەل ئارستوتېلنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىشىنى ئاساس قىلىپ راۋاجلاندى. 3-ئەسىردىن كېيىن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى ھەم يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ خارابلىشىشى، غەرب دۇنياسىدا كېيىنكى خرىستىئان دىنىنىڭ يېتەكچىلىكىگە مەنئۇي بوشلۇق ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا پەلسەپە بىلەن خرىستىئان دىنى ئەھكاملىرىنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشى، دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھەتتا يۇنان مەدەنىيىتى ھەم پەلسەپىسىنى ئۆزىگە خۇرۇچ قىلغان خرىستىئان دىنى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يىراق جۇڭگو، ھىندىستانغىچە تەسىر كۆرسەتتى. كېيىن خرىستىئان دىنى تەرەققىي قىلىپ دىنىي جەمئىيەتلەر غەرب ھاكىمىيىتىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالدى، دىنىي ئەھكاملارنى شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچە شەرھلەشتى. دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولدى. دىن بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كۈچەيدى. برونو، كوپېرنىك، گالىلېي قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئالەم، تەبىئەت ھەققىدىكى قاراشلىرى دىنىي جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. ھەتتا برونو دىنىي جەمئىيەت تەرىپىدىن تىرىك كۆيدۈرۈلدى. غەرب دۇنياسىدا بىر مەھەل ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئولتۇرغان دىنىي جەمئىيەتلەر غەرب پەيلاسوپلىرىدىن سوقرات، پلاتون، ئارستوتېللارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ كېيىنكى راۋاجىنى بوغۇپ قويدى. تاكى دىنىي جەمئىيەتلەر ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر غەرب دۇنياسىدا دىنىي قىرغىنچىلىق ۋە دىنىي ئاداۋەت ، ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى تارىخنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بوپقالدى. شۇڭا كېيىنكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۇ دەۋرنى بىردەك غەربنىڭ «زۇلمەت دەۋرى» دەپ ئاتاشتى.

7-ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام دىنى ھەم ئۇ ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتنىڭ پىداكار ئىجادچىلىرىدىن بولغان يېڭى ئۈممەت دۇنيانىڭ زۇلمەت دەۋرىگە خاتىمە بەردى. پۈتكۈل دۇنيا ئۈمىدكە تولدى. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا قەدىمقى گرېتسىيىنىڭ پەلسەپە دەۋرىدىكىدەك مۇنازىرە، تالاش-تارتىش ئىچىدە، كېيىنكى خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدەك مۇستەبىتلىك ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ھەممىگە سەزگۈر، دۇنيا ئىختىلاپلىرىنى تۈگەتكۈچى چاقىرىق سۈپىتىدە، ئىنسان بىلەن

يارانقۇچى ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىپ مەيدانغا كەلدى. «گوقۇ، رەببىڭنىڭ نامى بىلەن گوقۇ» دېگەن تۇنجى ۋەھيي زېمىن قوينىغا چۈشۈش بىلەن تەڭ دۇنيا تارىخىدىكى يارانقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى دىئالوگ ھەم مۇناسىۋەت باشلانغانىدى. شۇنداقلا زېمىن سەتھىدە چىن مەنىدىكى ئىنسان بىلەن يېڭى بىر ھۆكۈمرانلىق تەڭ ئاپىرىدە بولغانىدى. قىسقىغىنا 23 يىل ئىچىدە ئۇ پۈتكۈل دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان بولسا، بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈردى. ئۇ يېڭى بىر كۈچ، يېڭى بىر مەنىۋى ئىنقىلاب سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنيا زۇلمىتىنى يىمىرىپ تاشلىدى، شۇنداقلا دۇنيادىكى خرىستىئان دىنى ۋە باشقا بارلىق ھۆكۈمران ئىدىيىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلاھىي پرىنسىپلىرىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغان يېڭى بىر جامائە بۇ يېتەكچىلىك بۇرچىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلار ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەمىلىكنىڭ ھەقىقىي ئۆلگىسىنى يارىتىپ، كېيىنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن يېڭى بىر ھايات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. شۇ دەۋرنى كېيىنكى زامان دانىشمەنلىرى بىردەك «ئىنسانىيەتنىڭ مۇپەسسەل ھايات ئەندىزىسىنى ياراتقان دەۋر» دەپ قارىدى. ھەم شۇ دەۋرنىڭ بەرپاچىسى، ئىسلامىيەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالىي ئۇنۋانلارنى بېرىشتى. بىراق ئۈمىد ھەم ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ خورۇچى قىلغان ۋەھيىنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئوخشاشلا خرىستىئان دىنى دۇچ كەلگەن كرىزىسقا دۇچ كەلدى. خرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ جاھىل مۇرتىلىرى ھەم غەرب پەلسەپىسى ياراتقان ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاراشلىرىنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىزگۈلىكى ھەم ئەپۇچانلىقى بىلەن قارشىلاشتى. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دەسلەپ مەيدانغا كەلگەندە لايدىن ياسالغان بۇتلارنى چېقىپ كىشىلەرنى مۇشرىكلىكتىن قايتۇرغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە لايدىن ئەمەس، بەلكى قەلبلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى تۈرلۈك ئىدىيىلەردىن تۈزۈلگەن جاھىل مۇشرىكلىققا دۇچ كەلدى. بۇخىل مۇشرىكلىقنى بۇت چاققاندەك ئاسانلا چېقىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. بۇ بىر مەيدان كۈرەش تارىختىكى ھېچقانداق بىر كۈرەشكە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭدا شەخسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، دۆلەت، مىللەت مەقسەت قىلىنمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى بىلەن غەيرىي دىن ھەم ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش باشلاندى. بۇ، تارىختىكى نۇرغۇن قانلىق پاجىئەلەرگە، خرىستىئان مۇرتىلىرىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىدەك بەدەل تۆلەشلەرگە سەۋەب بولدى. قانلار دەريا-دەريا ئاقتى، ئەمما كۈرەش توختىمىدى. تاكى بۈگۈنگىچە بۇ كۈرەش داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى، سەۋىيىسى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرمىدى، يەنى بۇ كۈرەشتە ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرخىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ زېمىندىكى ئورنىنى تالىشىش ئاساسىي مەقسەت قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەملەر ئاساسىي رول ئالدى، ھېچكىم قىلمىشىنى خاتا دېمىدى، ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمىدى.

دۇنيا شۇ يوسۇندا راۋاجلىنىپ 18-ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقى ئاشكارىلاندى. 7-ئەسىردىن باشلاپ 18-ئەسىرگىچە گەرچە ئىسلام دىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئۈممەتلەردە شەكىللەنگەن روھىي بىخۇتلۇق ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەم ئىجادچانلىقىنى يوقاتقانىدى. تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن باشلانغان ئىسلام دىنىدىكى «مەزھەپچىلىك»، دىنىي بىرلىك ھەم دىنىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش تۇيغۇسىدىن غالىب كېلىپ، كېيىنكى ئىسلام دۇنياسى تۈگىمەس تەپرىقىچىلىككە پېتىپ كەتتى. «قۇرئان كەرىم» دىكى: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇدىغان ئاللاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» دېگەن چاقىرىقنىڭ روھى ئۇنتۇلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەم تۆت قانۇنلۇق خەلىپىدىن كېيىن ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى گەرچە دىنىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل دىنىي ھاكىمىيەت ئەندىزىسىنى يارىتالمىدى ھەم ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى بۇ جەھەتتە غەرب مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىزدەنمىدى. ئوسمان خەلىپىلىكى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولسا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي بىرلىك پارچىلاندى. شۇنداقلا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى مەنىۋى بىرلىك چوڭ كرىزىسقا دۇچ كەلدى. بۇ، ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش بوپقالدى. ئەھلىسەلىپنىڭ سەككىز قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ قاتتىق يېڭىلىشى، ئىسلام دىنى بىلەن خرىستىئان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇرەسسەسىزلىكنى شەكىللەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولغانىدى. خرىستىئان مۇخلىسلىرى ئىسلام دىنى ھەم مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تارىخىي پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. 18-ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئورنىنى تەۋرىتىۋەتتى.

18-ئەسىردىن كېيىن غەرب ئەللىرىدە مەيدانغا كەلگەن سانائەت گۈللىنىشى ھەرىكىتى غەرب دۇنياسىنى «ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى»

دەۋرىدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە كۈچلۈكلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ ھەرىكەت مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي «ئەدەبىيات-سەنئەت قايتا ئويغىنىشى» دەۋرىدە ئىتالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيىدە مەيدانغا كەلگەن «مودېرنىزم» چە قاراشلار (غەربتە مەيدانغا كەلگەن ھازىرقى زامان ئىدىيە دولقۇنى، ھازىرقى زامان تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھازىرقى زامان سەنئەت ئېقىمى، ھازىرقى زامان تەتقىقات ئۇسۇلى) نى ئۆزىگە خۇرۇچ قىلغانىدى. بۇخىل مودېرنىزمچە قاراشلار دەل بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، ئېتىكا - ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار يەنىلا قەدىمقى يۇناندا مەيدانغا كەلگەن ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاراشلىرىنىڭ راۋاجى ئىدى. غەرب دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن پەيلاسوپلاردىن سپىنوزا، ۋولتېر، كانت، شوپىنخاۋېر، گېگېل، نېتزېي، رۇسسېل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، دۆلەت» توغرىسىدىكى قاراشلار پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى «غايىۋى دۆلەت» قاراشلىرىنىڭ شەرھىي ئىدى. غەرب دېموكراتىزمىدا دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن، دىن دۆلەت سىياسىتىدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىلدى، شۇنداقلا دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ھوقۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دىن پەقەت چېركاۋلارغىلا بەنت قىلىۋېتىلدى. بۇ ھال ئىجتىمائىي مۇھىتتا دىنىنىڭ رولىنى چەكلەپ قويدى. غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ قىممەت قارىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، مىللەت، مۇستەقىللىق، كىشىلىك ھوقۇق قاراشلىرى كېيىنكى غەرب دۇنياسىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى بوپقالدى. مۇشۇ ئىككى ئەسىر ئىچىدە دۇنيادا باش كۆتۈرگەن مىللەت، ھوقۇق، دۆلەت، مۇستەقىللىق توغرىسىدىكى قاراشلاردا ھېچكىم ئۇلار ياراتقان ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ تەسىرى يوق دېيەلمەيدۇ.

غەرب دۇنياسى دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن «غەرب مەركەزچىلىك» تەلىماتىنى بازارغا سالدى. بۇ قاراش كېيىن تەنقىد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىل شۇخىل قاراشقا بېيئەت قىلغۇچىلارنىڭ بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ قاراش ھەم بۇ قاراشنىڭ تەرغىباتچىلىرى كېيىنچە ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا دۇنيانىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ قويدى. غەرب پەلسەپىسىدە ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن نەرسە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇقۇملار گەرچە كۆپ سانلىق كىشىلەرگە تونۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنبەسى ھەم مەناسى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن قاراڭغۇ. غەرب پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇقۇملارنى مەيلى قانداق چۈشىنەيلى ياكى قانداق ئىستېمال قىلايلى، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلىۋېلىش زۆرۈر.

غەرب ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى گەرچە كىشىنى مەھلىيا قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزئىچىگە ئالغان ئومۇمىي ئۇقۇم بىرلا نەرسىنى يەنى شەخسنى ھەم شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى مەركەز قىلىشنى ئاساس قىلغان. شۇڭا غەرب پەلسەپىسىدە شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ھەم ھوقۇقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان دېموكراتىيە، قانۇن، ھوقۇق توغرىسىدىكى قاراشلار دۇنيانىڭ بىرلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلمىغان. ئەكسىچە شەخسنىڭ ھوقۇقى، ئەركىنلىكى چەكسىز تەكىتلىنىپ، شەخسنىڭ تەرەققىيات ئىستىكى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەنگەن. شۇڭا، بۈگۈنكى غەربتە بەچچىۋازلىقنىڭ قانۇنلىشىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس. غەرب دۇنياسىدا بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى «غايىۋى دۆلەت» قارىشى كوممۇنىزم تەلىماتى بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئۇ غەربلىكلەرنىڭ مەنپەئەت قارىشىغا ئويغۇن كەلمىگەچكە غەربتە يىلتىز تارتالمىدى، ئەكسىچە شەرق زېمىنىدا ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى رېئاللىققا ئايلاندى.

18-ئەسىرگىچە بولغان شەرق دۇنياسى مەستخۇشلۇقىدىن يېشىلمىگەن شىرغا ئوخشاش بىخۇت ھالەتتە ئىدى. غەربتە چېلىنغان پاراۋۇز گۇدۇكىنىڭ ئاۋازى دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلار دىققىتىنى ئۆزىدىن دۇنياغا ئاغدۇردى. بۇ ۋاقىتتا غەرب «سانائەت گۈللىنىشى» ھەرىكىتىنى ئاللىبۇرۇن باشلىۋەتكەنىدى. بۇ ھەرىكەت يېقىنقى ئەسىردىكى دۇنيا تەرەققىياتىدا غەربنىڭ پاراۋۇزلۇق ئورنىنى ئاللىبۇرۇن بەلگىلەپ بولغانىدى. غەرب شەرقنى تاشلاپ قويۇپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي تەرەققىيات، مەدەنىيەت جەھەتتە زور پەرق شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ پەرق بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە سىياسىي تۈزۈلمە، دىن، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقنى ئۆزىگە بەلگە قىلدى، دۇنيا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمغا پارچىلىنىۋېتىلدى. شەرق غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان جۇغراپىيىلىك بىرلىك دەپ قارالدى. غەرب بولسا، شەرقلىقلەرنىڭ نەزىرىدە پلاتون قۇرۇپ چىققان «غايىۋى دۆلەت» دەپ قارالدى. دېمىسىمۇ غەرب بىلەن شەرق ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، دىن، تەرەققىيات قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى كاتېگورىيە ئىدى. ئىرقىي كەمسىتىش، تاجاۋۇزچىلىق، مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيىسى مۇشۇ ئىككى ئەسىردىكى غەربلىكلەرنىڭ شەرقلىقلەرگە بەرگەن سوۋغىسى بوپقالدى. شەرقلىقلەر بولسا، بۇ ئىككى ئەسىردە غەربلىكلەرنىڭ تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى، پەن-تېخنىكىسى، تۈزۈلمىسى، پەلسەپىسىنىڭ تەقلىدچىلىرىگە ھەم غەرب ئىستېمال بازىرىنىڭ ئاكتىپ خېرىدارلىرىغا ئايلاندى. دۇنيا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى، دۇنيالا ئەمەس

ئادەملەرمۇ قېلىپتا قويغاندەكلا ئۆزگىرىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇخىل ئۆزگىرىش دۇنياغا يېقىن جايلاردا، مەركەزلەردە، شەھەرلەردە ئالدىبۇرۇن كونىراپ ئەكسىگە قايتىشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، دۇنيادىن جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە چەتتە قالغان بېكىنمە رايونلاردا ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ، شۇنداقلا تازا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ. ئەنئەنىگە قايتىش، ئەنئەنىنى قوغداش چاقىرىقلىرى ئۈنۈم بەرمەيۋاتىدۇ. بەرھەق، زامانىۋىلىقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىگەن خەلققە نىسبەتەن زامانىۋىلىق «ئاچنىڭ ھالال-ھارامنى خىللىمىغىنىغا ئوخشاشلا ئىش».

18-ئەسىردىن كېيىنكى غەرب پەيلاسوپلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىي ھوقۇق»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «دېموكراتىيە» توغرىسىدىكى قاراشلار ئۇزۇن مەزگىلگىچە غەربلىكلەرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىغان شەرق زېمىنىدىكىلەرگە دەسلەپكى بىر مەزگىلدە تۇتىيا بىلىنگەندى. شۇڭا، شەرق ئۆز چىقىش يولىنى پۈتۈنلەي غەربتىن ئىزدىدى ھەم غەرب سانائىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە غەرب پەلسەپىسى، ئىدېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى ھەم تەقلىد قىلدى. بۇ دەل غەربلىكلەرنىڭ شەرقلىقلەردىن كۈتىدىغىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى. چۈنكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەرب جاھانگىرلىك - تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھاقارەتلىك ئورنىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلغانىدى ھەم دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەكلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدى. شۇڭا غەربلىكلەر شەرق زېمىنىدا سودا، پەن-تېخنىكا، تەرەققىيات بازارلىرىنى ئېچىپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە دەستۇرلىرىنى بازارغا سالدى. بۇ غەرب ئۈچۈن 19-ئەسىردىن كېيىن پىلانلانغان دۇنياغا خوجىلىق قىلىش غەرىزىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق ئاساسى ئىدى. بۇخىل غەرەزنى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى تولۇق تاماملاپ بولدى. بۇ غەرەزگە يېتىشتە غەرب دۇنياسى زورلۇق، زوراۋانلىق ۋاستىسىنى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىشلەتمىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، شۇنى يەمچۈك قىلىش، تاۋار مەدەنىيىتى دەۋرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق دۇنيادىكى كۆپ سانلىق ئادەملەرنى تەقلىدچىلەرگە، چوقۇنغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا بۇ غەرىزىگە يەتتى. بۇجەھەتتە غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بولدى. بۈگۈنكى دۇنياغا قارايدىغان بولساق، ئەڭ بازارلىق ماللار، ئەڭ بازارلىق پىكىر ئېقىملىرىنىڭ غەربتىنلا كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرمەندىلىك، تەپرىقىچىلىق، بۇزۇقچىلىقلارنىڭمۇ غەربتىن كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئېقىمنىڭ بەس - بەس بىلەن كېڭىيىپ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز مەدەنىيەت، مىللەت تىپىدىكى ئادەملەرنى يالماۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ دەل بۈگۈنكى غەربنىڭ يېڭى، شەكلى ئۆزگەرگەن تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ مەھسۇلى. بۇخىل تاجاۋۇزچىلىقنى غەرب دۇنياسى ئۆز ئېتىقادچىلىرىنىڭ قولى، تىلى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورۇنداپ كېلىۋاتىدۇ. بۇخىل تاجاۋۇزچىلىق قوشۇنى ھازىر دۇنيادىكى ھەممە ئەل، ھەممە مىللەتتىن تېپىلىدۇ. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنى تەرەققىيات، زامانىۋى مەدەنىيەت دەپ چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى بار كۈچى بىلەن تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار غەربكە ئىمان ئېيتقان، ئۇلار غەربنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىدۇر.

سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدىن كېيىن دۇنيا نۇر دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى، سىفىر دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ھەرقايسى دەۋر پەقەت تەرەققىياتتىكى سۈرئەت تېزلىكى بىلەن خاراكتېرلەندى. بۇ تەرەققىياتلاردا ئادەملەر يەنىلا ئاساسلىق رول ئالدى، شۇنداقلا تارىختىكىگە ئوخشاشلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى مەقسەت قىلىندى. ئەمما پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشى كىشىلەردىكى تەرەققىياتنىڭ مەقسىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيىتى، ئىنسانلار ئەمگىكىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى قىلىنغان بولسا، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ئەۋزەللىك، مەنپەئەت تالىشىش ئىنسانلار ئىجادىيىتى ھەم ئەمگىكىنىڭ ئاساسى مەقسىتى بوپقالدى. بۇخىل مەقسەت غەربنىڭ تەرەققىيات ئىستىكى بىلەن ئۇنىڭ ماسلىشىشتىن كېلىپ چىققان بېقىندىلىقنى ئۆز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلدى. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات مەقسىتى ئۆزگەرگەندىن باشلاپ، ئادەملەر ئادەملىككە خاس ئىزگۈلۈكتىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. شەيتاننىڭ تەنتەنە قىلىدىغان دەۋرى يېتىپ كەلدى. ئادەملەر گەرچە دۇنيانىڭ ئۆتمۈشىدىكىگە ئوخشاش قۇللۇق، تاجاۋۇزچىلىق، ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن توسۇۋالغۇسىز گۇمراھلىق پۈتكۈل دۇنياغا يامراپ كەتتى. بۇخىل گۇمراھلىق پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، زامانىۋىلىق دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملارنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئاسان پەرقلەندۈرەلمەيتتى. بۇخىل گۇمراھلىقتا غەرب دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلدى. غەربتە پەن-تېخنىكا گۈللەنگەندىن كېيىن، رىقابەت ھەربىر ئادەمنى مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە قىستىدى. بۇخىل رىقابەت زامانىۋى ئىقتىسادنىڭ ئىختىراسى سۈپىتىدىكى كارخانا، گۇرۇھ، شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىپ بېرىلدى. رىقابەت جەريانىدا ئادەملەر ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان تۈزۈم، تۈزۈلمە ھەم زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىنسانلار ئۆز ئىختىرالىرىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە، ئۆزلىرى

كەشىپ قىلغان ئىجتىمائىي تورنىڭ ئىچىدە تېپىرلاپ هايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. سانائەت، سودا، سىياسىي كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى، ئۇلار مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورنىنى، ئىمتىيازىنى ئالدىن بەلگىلەپ، كىشىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن، يەنى بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت، بىرەر گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

ماتارىپنىڭ مەقسىتى ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم تەربىيىلەش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش بوپقالغاچقا، نەچچە ئون يىل ماتارىپ تەربىيىسى ئالغان ئادەملەر جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىنىڭ قوشۇنى ئەمەس، بەلكى يۈكىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆز يۇمالايدىغانلار، ھەقىقەتكە تىغ كۆتۈرەلەيدىغانلار، دۇنيانىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى بۇلغايدىغانلار بۈگۈنكى ماتارىپ تەربىيىسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ماتارىپىنىڭ مەغلۇبىيىتى دەل ئادەملەرگە ئادەملىك قىممىتىنى، يەنى مەقسەت قىلىپ ياشاشنى ئۆگىتەلمىگەنلىكىدە ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ مېتودىنى ئىختىرا قىلالمىغانلىقىدا. ماتارىپ تەربىيىسىنىڭ ئېتەكچىلىكى گەرچە ئادەمنى مەركەز قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماتارىپ قۇرۇلمىسى، ماتارىپ مەزمۇنى، ماتارىپنىڭ مەقسىتى يەنىلا ھۆكۈمرانلارنىڭ، ھەرخىل سىنىپلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئادەملەردىكى ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر ماتارىپقا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلدى، شۇنداقلا ئادەملەردىكى تاللاش ھوقۇقى ماتارىپ ۋاستىسى ئارقىلىق تارتىۋېلىندى. نەتىجىدە نەچچە ئون يىللىق ماتارىپ تەربىيىسىنىڭ قېلىپىدىن چىققان ئوخشاش خاراكتېر، ئوخشاش تەقدىرگە ئىگە ئادەملەر توپى جەمئىيەتتىكى زور كۆپ سانلىقلارنى تەشكىل قىلىپ، جەمئىيەت ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ئۇقىنى شەكىللەندۇردى. ئۇلار دۇنيانى، ئادەملەرنى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن، باشقىلاردىن ئۆلگە ئالغان ئۇسۇل بويىچە كۆزىتىپ، ئادەمنى ئەمەس زاماننى ئۆلچەم قىلىپ ياشاپ كەلدى. شۇڭا، ھازىر بىراۋنىڭ بولمىغۇر قىلمىشى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەيىبلىگىنىڭىزدە بولسا، قارشى تەرەپنىڭ سىزگە بېرىدىغان جاۋابى: « بۇ دېگەن قانداق دەۋر؟ » كىشىلەر شۇ دەرىجىدە بىخۇد، گۇمراھ ھالەتكە كەپقالغانكى، ئۇلار ئۆز بۇزۇقچىلىقلىرىنى زامانغا دۆڭگەپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە زاماننى ئۆزگەرتىش ئەمەس، زامانغا ماسلىشىش ئېڭى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەچكە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كائىناتتىكى مۇقەددەس ئورنىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، زامان بۇزۇقچىلىقلىرىنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ پەس ئارزۇ - ھەۋىسى، نەپسى - خاھىشىغا قۇل بوپكەتكەن. بۈگۈنكى بۇخىل قۇللۇق تارىختىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇللۇقتىن ئېغىر ھەم مۇستەبىت. ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ھەرقانداق زۇلۇمدىن قۇتۇلماقتا قارىغاندا تەس. ئۇنىڭغا ئوت ئېچىش ھەرقانداق زۇلۇمغا قارشى ئوت ئېچىشتىن تېخىمۇ تەس. بۇ ھەقتە ئىسلام كىتابلىرىدا مۇنداق بىر بايان بار: ساھابىلەر بىر قېتىملىق جىهادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سوراپتۇ: «يا، رەسۇلۇللا، بىز جىهاد قىلىپ بولدۇق، ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز؟» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «سىلەر كىچىك جىهادنى ئاخىرلاشتۇردۇڭلار، ئەمدى چوڭ جىهاد قىلىسىلەر، يەنى نەپسى - خاھىشلار بىلەن جىهاد قىلىسىلەر». نەپسى ـ خاھىشى ئىنساننىڭ بىخۇد پۇرسىتىدە قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان شەيتان. ئۇ، ئىنساننى بۈگۈنكى دەۋردىكىگە ئوخشاش شەرم - هايا، ئار - نومۇستىن ئايرىۋېتەلەيدۇ. ئىنسان شان - شەرىپىنى بۇلغىيالايدۇ. ئىنساننى ھېچنېمىدىن ھەتتا ياراتقۇچىدىنمۇ ئەيمەنمەيدىغان ئاسىي ھالەتكە كىرگۈزەلەيدۇ.

ئادەم بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئادەمنىڭ شان - شەرەپ جەھەتتىن شەيتاندىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىدا ئىدى. ئادەملەر شەيتانغا ئەگەشكەندىن كېيىنلا شەيتاندىن پەرقلەنمەيدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. ئادەم سۈرەتلىك شەيتانلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى زالالەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىشارەتلەيدۇ. مۇشۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدىلا ئىنسانلارنىڭ سەنئەت، مەدەنىيەت نىقابى ئاستىدا ياراتقان نەرسىلىرىنىڭ ھاياسىزلىقى ھەم ئۇ شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي كەيپىيات كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ھېسسىيات، ئىپپەت، كىشىلىك قىممەت تاۋارلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئىنسانلار ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن چىن ھۇزۇر ئىزدىمەيدىغان بولۇۋالدى. ئىجتىمائىيەتتىكى بىشەملىك، شالاقلىق ئادەملەرنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق ھەم شەرمەندىلىكلەرنى تەنقىدلەش كىشىنى ئىككىلەندۈرۈدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بىراۋ مۇبادا ئۆزىنى زامان بۇزۇقچىلىقلىرىدىن چەتكە ئالسا جەمئىيەتتە يالغۇز قالىدىغان، قالاق دەپ قارىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. ئادەملەر ئۆزگىرىپ ياۋايىلىشىپ كەتتى. بۇ ياۋايىلىق ئىنسانلار ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ياۋايىلىقنىڭ مەزمۇنىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بۇرۇن ئىنسانلار كىيىم كىيىشنى بىلمىگەچكە يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ياشىغان بولسا، بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ يالىڭاچ يۈرۈشىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان مۇددىئا ھەم غەرەزنىڭ پەسكەشلىكى كىشىگە ئىنسانلار ئۆزىگە لۇت قەۋمىنىڭ تەقدىرىنى چىللاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشى ـ ئەسلىدە تەبىئىي گۈزەللىكىدىكى نۇقسانلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۈگۈنكى ئاياللارنىڭ گىرىم قىلىشى ئۇ دائىرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەقسەت، خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى. جەمئىيەتتىكى پەردازخانىلارنىڭ

كۆپلۈكى، ھاس - ھاسلىقى، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرۇدىغان غىلجىڭ ئاياللارنىڭ ھاياسىز يۈرۈش-تۇرۇشى، ياسىنىشى كىشىگە غەرب فىلىملىرىدىكى كېچىلىك كۇلۇب كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. غەربتە مەيدانغا كەلگەن ئىجتىمائىي رىقابەتتە، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى غەرب ئاياللىرىنى ئۆزلىرىدىكى تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئەرلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي رىقابەتتە ئۆز ئەۋزەللىكى، ئۆز قىممىتىنى دوغا تىكتى. غەربلىكلەرنىڭ ئائىلە قارىشى، پەرزەنت قارىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى بۇ ھەرىكەتنى چەكلىمىدى. شۇنداقلا تۇغۇتتىن ساقلىنىش بۇيۇملىرى ھەم دورىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئاياللارنى تەشۋىشتىن خالاسكارلىققا ئېرىشتۈردى. نەتىجىدە غەرب دۇنياسىدىكى ئاياللار ئەرلەرنىڭ جىنسىي بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالدى. «جىنسىيەت تەربىيىسى» ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھسىز قىلمىشقا داغدام يول ئېچىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن نىكاھ، ئائىلە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ جىنسىيەت تەربىيىسىنى يولغا قويغان دۆلەت ئاۋستىرالىيە بولۇپ، بۇ دۆلەتتە تۇنجى جىنسىيەت تەربىيىسى يولغا قويۇلغان يىلى بىرقانچە مىليون ئاتىسىز بوۋاق تۇغۇلغانىكەن. تەكشۈرۈشلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، يەنە ھازىرقى ئامېرىكا پۇقرالىرى ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى %80 قىز ئوقۇغۇچى تۇغۇتتىن ساقلىنىش بۇيۇمىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدىكەن. %20 تىن كۆپرەك قىز ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىلا ھامىلىدار بولۇپ، بالا ئالدۇرۇۋېتىدىكەن. مانا بۇ، بىز ئۆگىنىۋاتقان ھەم ئىنتىلىۋاتقان غەرب دۇنياسى. ئەمدى ئۆزىمىزگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇدىغان بولساق، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزنى ئەمەس، ئىشقىۋازلار ماكانى دېگەن تۈزۈك. ئۆزۈم چېلىقتۇرغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە قىز-ئوغۇللارنىڭ قولتۇقلىشىپ مېڭىشى، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھاياسىز پاراڭ ھەم ھەرىكەتلەردە بولۇشى كىشىلەر كۈندە ئۇچرىتىپ تۇرۇدىغان ئادەتتىكى ئەھۋال. بۇ گەرچە ئېغىر مەسىلە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشى. ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قىز-ئوغۇللۇق مۇناسىۋەت، ئۇنىڭ راۋاجىدىن قارىغاندا چەكتىن ئېشىپ كېتىشكە يۈزلەنگەن. بۇ يەردە ئۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن. ئەمما شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتسەم ئارتۇق كەتمەس، دەپ قارايمەن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ھازىرقى تارقىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىدا: شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى يىلسېرى كېڭىيىپ، گىرىپتار بولغۇچىلار سانىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، شىنجاڭنىڭ يۈننەندىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان خەتەرلىك رايون بوپقالغانلىقى، ئۈرۈمچى، ئىلى رايونىدا ئەھۋالنىڭ بىر قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم كېسەللىك تارقىلىش ۋاستىسىنىڭ ئاساسلىقى زەھەرلىك چېكىملىك ۋە جىنسىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكى يەكۈنلەنگەن.

ھازىرغىچە ئىنسانلار ئۆزخاتالىقلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ كەلدى، ئەمما ئىنسانلار خاتالىق سادىر قىلىۋېرىشتىن ساقلىنالمىدى. ئىنسانلارنىڭ خاتالىقى، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەجەللىك خاتالىقى ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى ھەم يۈگەنسىز ئەركىنلىك تەشەببۇسىنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئىنسانلار ھازىرغىچە مەنبەسى ياكى داۋاسىنى تاپالمىغان ئەيدىز كېسەللىكىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ، مۇشۇ ئەسىردىكى غەربنى مەركەز قىلغان جىنسىيەت ئەركىنلىكى تەشەببۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان چوڭ ئاپەت. دۇنيا بانكىسى ئوتتۇرىغا قويغان«ئەيدىز كېسىلىگە توغرا قاراش» دېگەن ھوقۇقلۇق دوكلاتتا: «تەخمىنەن دۇنيادىكى تۆتتىن ئۈچ قىسىم ئەيدىز كېسەلى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن تارقىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆتتىن ئىككى قىسمى يات جىنسلىقلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق، تۆتتىن بىرى ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق تارقىلىدۇ» دېيىلگەن. دۇنيا ئىقتىسادى گۈللەنگەندىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەر ئۆز تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ئارقىلىق ئىقتىسادىنى گۈللەندۈردى. بۇ يېڭى كەسىپلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. «ساياھەتچىلىك كەسپى» يېقىنقى يىللاردا زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان كەسىپلەرنىڭ بىرى بوپقالدى، ئەمما بازار رىقابىتى بۇخىل كەسىپلەرنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدا ئەكسىچە رول ئوينىدى. بۇخىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ناتوغرا ئۇسۇللار ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. ساياھەتچىلەرنى« جىنسىي مۇلازىمەت» بىلەن تەمىنلەش ساياھەتچىلىك كەسپىدە ئومۇملاشتى. بولۇپمۇ تايلاند، ھىندىستان، سىنگاپور قاتارلىق ئەللەردە بۇخىل مۇلازىمەت شەكلى كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان ئاساسلىق ئۇسۇل بوپقالغان. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تايلاندتا مۇبادا بىر ئائىلىدە قىز تۇغۇلسا، پۈتۈن ئائىلە ئۆزلىرىنى باقىدىغان ئىقتىسادىي مەنبەنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىدىكەن. ھەتتا تايلاند ھۆكۈمىتى پۇقرالىرىنىڭ بۇخىل قىلمىشىنى قوللاپ ئەرلەرنىڭ جىنس ئۆزگەرتىشىنى قانۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ جازاسى سۈپىتىدە تايلاند ئاسىيادىكى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ خىلدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك سانلىق مەلۇماتلاردىن يەنە تالايلاپ كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ئەمما مۇلاھىزىمىز ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، بۇ پەقەت ئادەملىك سۈپىتىنى يوقاتقانلار ئۈستىدىكى

كىچىككىنە دەلىلىمىز، خالاس. بۇئەسىردىكى ئادەملەر بۇ جەھەتتە ئادەملىك سۈپىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدى. ئىنسانلاردىكى جىنسىيەت توغرىسىدىكى پەن، تەتقىقات، بۇزۇقچىلىق، شەرمەندىلىك، سودا قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ دۇنياۋى يۈزلىنىش بوپقالغانلىقىنى ئويلىسام تېنىم شۈركىنىدۇ. ئىنسانلار ئۆز قىلمىشى ئارقىلىق ئىككىنچى قېتىملىق توپان بالاسىنى چىللاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەپقالىمەن. ئۆتمۈشتە ئەجدادلىرىمىز زامان بۇزۇقچىلىقلىرىدىن زاھىدلىق ئارقىلىق ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقانىكەن، بەلكىم ھازىرقى بۇزۇقچىلىقلاردىن زاھىدلىق ئارقىلىقمۇ ساقلانغىلى بولماسلىقى مۇمكىن.

ئىنسانلار ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى مەسئۇل، ئۇ مەيلى ئادەم سىياقتا ياشىسۇن ياكى ئىبلىس شەيتان سۈپىتىدە ياشىسۇن، ئۇنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى بۇگۈنكى ئادەملەرگە ياخشى سۆز تەسىر قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھەقىقەت ئېرىتەلمەيدۇ. ۇددى: «قۇرئان كەرىم» دە دېيىلگەندەك: « لارنىڭ كۆزى ھەقنى كۆرۈشتىن كوردۇر، قۇلىقى ەقنى ئاڭلاشتىن گاستۇر». مۇشۇلارنى يېزىۋېتىپ بگەنلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ياقىدىغان - ياقمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاپ قالدىم. بەلكىم مەنمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «زامانىنى چۈشەنمەيدىغان» قالاقلاردىن بولغاندىمەن. ئەمما بۇنىڭغا ئەپسۇسلانمايمەن، بەلكى بۇ قالاقلىقنى بىر ئۆمۈر ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىشقا رازىمەن. ئادەملەر تارىختىن بۇيان ھەقىقەت بىلەن قارشىلىشىپ ياشاپ كەلدى، ئەمما ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى ئىنسانلارنىڭ قارشىلىقى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىقلار شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى قوغدايدۇ ھەم جۇلالاندۇرىدۇ. شۇڭا، بىرەر ئۇقۇم، نەزەرىيە توغرا بولىدىكەن، ھامان ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىق ھەرگىزمۇ شۇ توغرا نەزەرىيە، ئۇقۇملارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئادەم ئىندىۋىدۇئال مەخلۇق، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى دۇنيانىڭ زىننىتى. بىراۋنىڭ باشقىلارنى دوراش مەجبۇرىيىتى يوق، ئەمما جەمئىيەتتە ئېقىم شەكىللەنگەندە، كىشىلەردە ئېقىمغا ئەگىشىش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ دەل كىشىلىك خاراكتېرنى ئۆلتۈرۈۋدىغان ئاستا خاراكتېرلىك زەھەردۇر. كىشى ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ئادەملەر ئۆزىنىڭ دېگەنلىرى، قىلغانلىرىدا باشقىلارنىڭ باھاسىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىپ، بىرخىل پرىنسىپسىزلىق ئىچىدە ياشايدۇ. تاۋار مەدەنىيىتى بىلەن تەڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرگەن ئېلان تەشۋىقاتى بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ خارەكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئېلان تەشۋىقاتى ئەكەلگەن پىسخىك تەشۋىش ھەم مودا قوغلىشىش ئېڭى كىشىلەردە ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەيدىغان، ئۆزئارا بەس تالىشىدىغان، ئۆزۈمچىل، مەنمەنچى، بەتخەج خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدى. ئېلان تەشۋىقاتىدىكى ھاياسىزلىقلار بولسا، جەمئىيەتتىكى ئاتا-بالا، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، كىشىلەرنى ھاياسىزلىققا كۆنۈشكە، ئۇنى ئىلمىيلىك قاتارىدا قوبۇل قىلىشقا ئادەتلەندۈردى. بۇبىرخىل روھىي ئاڭقاۋلۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، 1960-يىللاردىن كېيىن ئىنسانلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك پەن تۈرى نەچچە يۈز خىلدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. دېيىل كارنېگنى يېتەكچى قىلغان مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمى مۇشۇ ئەسىردىكى يېقىندىن پەيدا بولغان پەن تۈرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ياراتقان ئىجتىمائىي ئۈنۈم باشقا نەزەرىيىۋى پەنلەرگە قارىغاندا تېز ھەم كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئۇ پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيدى. ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئېپى ئىدى. كىشىلەرنىڭ بۇ پەنگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشى نەتىجىسىدە ئادەملەر خاراكتېرىنىڭ خاسلىقى، ئىزچىللىقى يوقالدى. ئىش ئاقتۇرۇش ئۈچۈن ساختىلىقنى ئۆزىگە ھۈنەر قىلىشقا ھەممە ئادەم ئادەتلەندى. كىشىلەر چىن نىيەتتە كۈلۈمسىرىمەيدىغان بولۇۋالدى. جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى بولۇش، ئۆزمەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ھەم قوغداشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. بۇ جەرياندا ئاياللارنىڭ كالتە يوپكىسى بىلەن كۈلكىسى زور ئۈنۈم ياراتتى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چىنلىقىنى ئۆلچەم قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ھەق - ناھەق مەسىلىسى كىشىلەر ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەركەكلەرنىڭ ئىمتىيازى بولۇشتىن قېپقالدى. ھەق - ناھەققە ھېچكىم پەرۋا قىلمايدىغان، «سەن ياخشى، مەنمۇ ياخشى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياخشى» دەيدىغان غەيرىي قاراش ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالدى. بۇ، مۇشۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ ئەڭ چوڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، بۇ بىر دۇنيا خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي كېسەل، بۇنىڭ جىنايەتكارىمۇ ئادەملەر، قۇربانىمۇ ئادەملەردۇر.

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل يۈكسەكلىكى ھەم ھېسسىيات سەزگۈرلۈكى بىلەن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئورگانىك قۇرۇلما ھەم ھېسسىياتى جەھەتتىن ئادەملەر ماركس ئېيتقاندەك، يەنىلا ھايۋان. ئادەملەردە بار بولغان بىئولوگىيىلىك تەلەپلەر ھەم ھېسسىي سېزىمچانلىق ئوخشاشلا ھايۋانلاردىمۇ بار. ئادەملەردىكى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈش، ۋاپادارلىق ئىت-ئېشەكلەردىمۇ تېپىلىدۇ. ئەمما ئادەم مەنىۋى تەلەپ جەھەتتىن ھايۋاندىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. ھايۋانلار ئادەملەر ئېھتىياجلىق بولغان مەنىۋى موھتاجلىققا مەڭگۈ موھتاج بولمايدۇ، ئۇلار موھتاج بولغاندىمۇ ئۇنى ئادەملەردەك قاندۇرالىشى ناتايىن. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى

ئېھتىياجىنى ئەقىل يۈكسەكلىكىگە تايىنىپ قاندۇرىدۇ. ئىنساننى ئىنسانلىق شان-شەرىپىگە، ئەرشتىكى پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگاھىغا ئېرىشتۈرگىنى ئىنسانلاردا ياخشى بىلەن ياماننى، توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن باتىلنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئەقلىي ئىقتىدار ھەم ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان، رەت قىلىدىغان ھېس-تۇيغۇنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئادەم تەبىئەتتىكى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىراق ئادەمدىكى ئەقىل توغرا يولغا ئىشلىتىلمىگەندە، ئۇ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر مەخلۇقتۇر. قەلبى نىجاسەت بىلەن تولغاندا بولسا، ئۇ شەيتانغىمۇ دەرس بېرەلەيدىغان پىرقىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادىكى قىرغىنچىلىق، زوراۋانلىق، تەپرىقىچىلىق، دىنسىزلىق، بىدئەتلىك، ھەرخىل بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئىختىراسى سۈپىتىدە تۇرۇپتۇ. بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىدىكى بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجنى يۈنىلىش قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزىلا ئىنسانلىق شان-شەرىپى ئۈچۈن پېتەرلىك ھاقارەت. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان مەدەنىيەت، سەنئەت بايرىقى ئاستىدىكى بۇزۇقچىلىقلاردىن ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ. ھوللىۋود فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر، ئارتىسلار ياراتقان ساختا تۇرمۇشنى چولپانلارغا چوقۇنغۇچىلار رېئاللىقتا ئايلاندۇردى. سەنئەتكارلارغا بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغاندىن كېيىن ئامېرىكا، شياڭگاڭ، ھىندىستان سەنئەتكارلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، يۈرۈش-تۇرۇشى، كىيىنىشى، ئۇلار ياراتقان ئوبرازلار بىرتۈركۈم زامان تەلۋىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئۇلار شۇلاردەك ياشاشقا، شۇلاردەك قىلىشقا ئىنتىلدى. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنىۋاتقان چولپانلارنى خۇدادىن ئارتۇق بىلدى. بۇ جەھەتتە ئاياللارنىڭ تەلۋىلىكى كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قىسىم ئەر ناخشا چولپانلىرى، كىنو چولپانلىرى توي قىلسا نەچچە مىڭلىغان ئايال زاتى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا تەييارمىش. بۇ سۆزلەرگە جېكسون قاتارلىق غىلجاڭ ناخشىچىلارنىڭ پلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى شەرمەندە كۆرۈنۈشلەردىن بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. بۇ ئەمەلىيەتتە چېكىدىن ئاشقان ئاسىيلىق ئىدى، بۇ ئاسىيلىق دەل ئادەملىكنىڭ چىن مەنىسىگە قىلىنغان ئاسىيلىق بولۇپ، ئۇلار ئادەملىكتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەچكە، ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار شۇ شېرىن چۈشى ئىچىدە دوزاخقا راۋان بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار دوزاخنى تاللىۋالدى.

ئادەملەر بار، دۇنيا گەرچە شۇ دەرىجىدە تونۇغۇسىز، ئادەملەر ئادەملىكىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەقىقىي ئادەملەر بار. ئۇلار پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندا، ئانا زېمىنىمىزدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى پەقەت ئۆزئەتراپىدىكى گۇمراھلىقلار بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىقلا ساقلىنىپ قالماقتا. ئۇلار ئاسىيلىققا ئوت ئاچالىغىنى ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى نامايان قىلماقتا. ئۇلارنىڭ چاقىرىقى، ئاگاھلاندۇرۇشى دۇنيا غەۋغالىرى ئىچىدە تولىمۇ زەئىپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يوقالمايدۇ. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە تالاي چاقىرىقلارغا دۇچ كەلدىم. بۇ چاقىرىقلار ئىچىدە مەن ئەڭ ئالقىشلايدىغان ئىمان، ئېتىقاد، ئەخلاق ھەققىدىكى چاقىرىقلا قەلبىمدە دەسلەپ ئۈچقۇن چاققان بولسا، شۇ تاپتا كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن چۈشەندىمكى ھەم شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، بۇ چاقىرىقلار ھامان بىر كۈنى يالقۇنغا ئايلىنالايدۇ، شۇنداقلا ئادەم ئەمەسلەرنى كۆل قىلىۋېتەلەيدۇ.

2001-يىل 23-ئۆكتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تىلماچى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



# تارىخ گۇۋاھچىسىنىڭ

# يۈرەك سۆزى

## خەلقىمىزنى تەربىيلەش، مەدەنىيىتىمىزنى يەنىمۇ راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت

مەن بۇ يىل 96ياشقا كىردىم. كۆزۈم ھەم خاتىرەم تازا ياخشى ئەمەس. شۇنداقتىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر سانىنى چالا قويماي ئوقۇپ چىقىمەن. بولۇپمۇ ئانا ۋەتەن قەدرى، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ھازىرقى تەقدىرى، ئەتىكى ئىستىقبالى مۇلاھىزە قىلىنغان، مىللىتىمىزنى ئەخلاق - پەزىلەتكە، ئىتتىپاقلىققا، مېھرىبانلىققا ئۈندەيدىغان ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قايتىلاپ ئوقۇيمەن ۋە ئۇنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىمەن.

خەلقنىڭ قەلبىنى بىلىم، ئەخلاق-پەزىلەت نۇرى بىلەن يورۇتۇش ساۋابلىق ئىش. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا يۇرتىمىز ئاتۇش تەۋەسىدە قوزغالغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى داۋامىدا مەمتىلى ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندىگە ئوخشاش ئوت يۈرەك ئوغلانلار يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، كىشىلەرنى ئىلىم - پەن، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىدىيە بىلەن تەربىيلەپ خەلقنى ئويغۇتۇپ تارىختا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. ئۇلار تەربىيلىگەن نەچچە مىڭلىغان مۇئەللىم ئالتىشەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە مەرىپەت ئۇرۇقى بولۇپ چېچىلغان. مەنمۇ شۇ چاغدا تەربىيلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قەدەم قويغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم.

بۈگۈنكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىمۇ ئەنە شۇنداق مەرىپەت ئۇچقۇنى بولۇپ كىشىلەرنى تەربىيلەۋاتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ بەس-بەستە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەردىن دۇنيانى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى تونۇپ يېتىپ، ئەتىگە نەزەر سېلىۋاتىدۇ، ئۆز مەدەنىيىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىۋاتىدۇ، ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتىدۇ.


مانا بۇ قۇتلۇق ئىشنىڭ باشلامچىسى - «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى. مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقىدەك ماقالىلارنى كۆپلەپ بېسىش بىلەن بىرگە، خەلقىمىزنىڭ خۇراپاتلىق، جاھالەتنىڭ تەسىرى، ئورۇنسىز ئىسراپچىلىق ۋە ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ساقلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەسەر-ماقالىلارنى كۆپرەك بېسىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا مۇھەررىرلەر ۋە ئەدىبلەرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت تىلەيمەن.

قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى كۆكتات بازىرى ئاساسىي قاتلام 6-گۇرۇپپا 1-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق

**ئىسرائىل مامۇت**


(M2)2001-يىل 30-ئاۋغۇست

# كۆكۆل ئىزھارى



ئۇستاز، ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز
— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئويغىنىش (ماي بوياق رەسىم) رەسسام: مۇھەممەت سۇلتان



«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىل 1 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65－1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001 电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 5 يۈەن

邮发代号：58－22 定价：5 元